分类号：　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　密 级：

学号 ：1076210804172　　　　　　　　　　　　　　　　　单位代码：10762

新疆师范大学

2011 届硕士学位论文

«مايترى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەر ھەققىدە تەتقىقات

《弥勒会见记》之中的对偶词研究

Research on Pair Words in *Maitri Simit*

研究生姓名：　艾力·阿布拉

学科、专业：　中国少数民族语言文学（维）

研究方向：　维吾尔文学史

院系、年级：　文学院 2008 级

指导教师 ：　阿布都拜斯尔（教授）

新疆师范大学

2011 年 6 月 1 日

新疆师范大学学位论文原创性声明

本人郑重声明： 所呈交的学位论文，是本人在导师的指导下，独立进行研究工作所取得的成果。除文中已经注明引用的内容外，本论文不含任何其他个人或集体已经发表或撰写过的作品成果。对本文的研究做出重要贡献的个人和集体，均已在文中以明确方式标明。本人完全意识到本声明的法律结果由本人承担。

学位论文作者签名： 日期： 年 月 日

关于论文使用授权的说明

学位论文作者完全了解新疆师范大学有关保留和使用学位论文的规定，即：研究生在校攻读学位期间论文工作的知识产权单位属新疆师范大学。学校有权保留并向国家有关部门或机构送交论文的复印件和电子版，允许学位论文被查阅和借阅；学校可以公布学位论文的全部或部分内容，可以允许采用影印、缩印或其它复制手段保存、汇编学位论文。（保密的学位论文在解密后遵守此规定）

保密论文注释：本学位论文属于保密在_____年解密后适用本授权书。

非保密论文注释：本学位论文不属于保密范围，适用本授权书。

学位论文全文电子版同意提交后可在校园网上发布，供校内师生浏览。

本人签名：____________________ 日期：________________

导师签名：____________________ 日期：________________

قىسقىچە مەزمۇنى

مەزكۇر دىسسىرتاتسىيە قەدىمقى ئۇيغۇريېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» (مەزكۇر ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى)نىڭ تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان جۈپ سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى ئېچىپ بېرىشكە بېغىشلانغان. تىلشۇناسلىق ۋە ئىستىلىستىكا نوقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈش مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ ئاساسى نىگىزىدۇر.

«مايتىرى سىمىت» قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى سەھنە ئەسىرى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخ ۋە باي ئەدەبى مىراسلارغا كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى سەھنە ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس بەلكى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «مايتىرى سىمىت» يەنە «ئالتۇن يارۇق»، «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان، ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ مۇھىم يازما ھۆججەت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دىنىي ئېتىقادى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ بىرىدۇر.

جۈپ سۆزلەر ئۇيغۇرتىلى لېكسىكا سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇرىدىغان كاتېگورىيەلەرنىڭ بىرى. ئۇ لېكسىكا ۋە سېمانتىكىلىق مەنە قاتلىمى جەھەتتىن ئىپادە كۈچىگە باي، تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە ، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . بۇنداق ئالاھىدە تۈزۈلۈش ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمگە ئىگە جۈپ سۆزلەر ئۇيغۇرتىلى ۋە ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«مايتىرى سىمىت»تا قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىنىڭ بەدىئىي پاساھىتىنى روشەن نامايەن قىلىپ بېرىلگەن. ئەسەردە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبى تىلى بىلەن بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قۇتقازغۇچ ئىلاھ — كەلگۈسى بۇرخان مايتىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر تىلىدىكى سۆز سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئامىللار ئىچىدە ئالدى بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئۇنىڭدىكى مول ۋە رەڭدار جۈپ سۆزلەردۇر. ئەسەردىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېگىلەش ئەسەرتىلىدىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتنى چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ دىسسىرتاتسىيىدە ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئاساسلىق قىلىپ «مايتىرى سىمىت»تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىستىلىستىكىلىق رولى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى.

پۈتۈن ماقالە مۇقەددىمە، تۆت باب ئاساسى مەزمۇن ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ. مۇقەددىمە قىسمىدا تېمىنىڭ تاللىنىلىشى، تەتقىقات ئەھۋاللىرى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «مايتىرى سىمىت» نىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى، مەزمۇنى، خاراكتېرى، ئۇسلۇبى، تىل ئالاھىدىلىكلىرىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېينكى بۆلەك جۈپ سۆزلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، گرامماتىكا قائىدىلىرى بويىچە جۈپ سۆزلەرنىڭ ئومۇمى ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلىرى يىغىنچاقلىنىپ، ھەرقايسى

دەۋرلەرگە مەنسۇپ يازما يادىكارلىقلاردىن جۈپ سۆزلەرگە ئائىت مىساللار بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «مايتىرى سىمىت»تىكى جۈپ سۆزلەرھەققىدە ئايرىم توختىلىپ، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق، سېمانتىكىلىق، گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىستىلىستىكىلىق رولى مۇھاكىمە قىلىندى، ئەڭ ئاخىرىدا جۈپ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى ھەققىدە بەزى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: «مايتىرى سىمىت»؛ جۈپ سۆز؛ قەدىمقى ئۇيغۇرچە؛ ئىستىلىستىكا

中文摘要

本篇论文是对哈密本回鹘文《弥勒会见记》中广泛运用的对偶词语言描写的研究。目的在于以语言学和修辞学原则叙述其语言规则与修辞运用。

回鹘文《弥勒会见记》是一部长达27幕的古代维吾尔大型佛教剧本，在篇幅上能与其相提并论的回鹘佛教文献只有《金光明经》，《玄奘传》等少数几部著作。它在研究古代维吾尔语言、 文学、文化和宗教等方面具有重要的意义。它作为现存我国最早的回鹘文手抄本佛教文学巨作之一，不仅是我国维吾尔族的第一部剧本，同时也是我国各民族现存最早的剧本。它在我国文化史上占有非常重要的地位。

在维吾尔语中对偶词占词汇系统的重要部分。它在词汇意义方面或是以不同的形态变化来表达不同的意义方面都有非常丰富的表现力。并且对偶词的修辞作用与其他词汇成分相比更为突出。所以研究对偶词的语法形式以及这些语法形式所表达的意义对维吾尔语修辞学分析尤其重要。

《弥勒会见记》这部著作运用完美的艺术形式，形象而生动的古代维吾尔文学语言描绘了所有佛教徒们敬仰的未来救世主弥勒的生平事迹。谈到该著作的用词艺术不得不说的就是对偶词的运用。 本文借鉴各位专家的研究成果研究分析了回鹘文哈密本《弥勒会见记》及其对偶词的语法特点与修辞作用。

整篇论文由以下内容组成的，导论部分包括选题背景、国内外研究综述和研究方法等内容，第一章主要介绍《弥勒会见记》的不同版本、主要内容、性质与形态、语言特点。第二章在现代维吾尔语语法理论的基础上概括和总结对偶词的本质特征和主要特点同时也提到不同历史年代的有关对偶词的言语范例。第三、四章从语言学和修辞学角度研究分析了在回鹘文哈密本《弥勒会见记》之中的对偶词及其语音、语义、语法特点和修辞作用。最后笔者提出了自己的关于现代维吾尔语与对偶词的几点看法。

关键词：《弥勒会见记》；对偶词；回鹘文；修辞学

Abstract

This dissertation is devoted to analyzing the characteristics and role of the pair-words that appear frequently in the Qumul variant of *Maitri Simit*, an ancient Uyghur drama. Research and analysis will be carried out on the basis of linguistics and stylistics.

Maitri Simit is a long, 27-act play written in the ancient Uyghur script. It is the first stage composition of our country's rich, multi-ethnic literature, and as such belongs not only to Uyghur literature and culture, but rather to the literature and culture of our whole country. Maitri Simit, along with such other ancient documents as the Altun Yaruq and Xuanzang's biography, is one of the most significant written documents pertaining to Uyghur Buddhist culture, and as such comprises important first-hand material for research into the ancient Uyghurs' religious beliefs, language, and culture.

Pair words hold an important place in the Uyghur lexical system. They are possessed of rich expressive ability on the lexical and semantic levels. Given their unique composition, their stylistic usefulness, they are particularly worthwhile subjects for research into Uyghur language and aesthetics.

Maitri Simit shows clearly the degree of literary refinement attained by the ancient Uyghur language. With a sophisticated literary style, vivid characters, and a lively use of language, it tells the life story of Buddha Maiti, who was believed by Buddhists to be the savior spirit. The first thing we notice when we consider factors in the work's use of language are the numerous and rich pair words used throughout. This dissertation will build upon the foundation set by prior research, and consider the characteristics and lexical role of pair words in the Maitri Simit.

The dissertation consists of an introduction, three core chapters, and a conclusion. The introduction will elaborate the way the theme was chosen, the current state of research, and the research methods used herein. An exposition will then be given of Maitri Simit's different variants, its content, its character, its style, and its linguistic characteristics. The next section is devoted to pair words; the characteristics and role of of pair words in modern Uyghur grammar will be provided, and examples will be provided of pair words in works from various eras of Uyghur literature. After that, special attention will be devoted to pair words in Maitri Simit, and to their phonetic, semantic, and grammatic characteristics and stylistic role. Finally, some thoughts will be offered on the developmen of pair words in the modern Uyghur language.

Key words: Maitri Simit; pair words; ancient Uyghur; stylistics

مۇندەرىجە

1.مۇقەددىمە

目录

1. مۇقەددىمە

1-1. تېمىنىڭ تاللىنىشى

1-1-1 تېما تاللاشتىكى زۆرۈرىيەت ۋە سەۋەپلەر

«مايترى سىمىت» مىلادى 8-9-ئەسىرلەردە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى سەھنە ئەسىرى. ئۇ ئۇزۇن تارىخ ۋە ئەدەبى مىراسلارغا ئىگە ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى سەھنە ئەسىرى[1] بولۇپ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس بەلكى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «مايترى سىمىت» يەنە «ئالتۇن يارۇق»، «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان، ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ مۇھىم يازما ھۆججەت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دىنىي ئېتىقادى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ بىرىدۇر.

«مايترى سىمىت» قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەدىئىي پاساھىتىنى روشەن نامايەن قىلىپ بەرگەن. بۇ ئەسەردە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبى تىلى بىلەن بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قۇتقازغۇچ ئىلاھ — كەلگۈسى بۇرخان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر تىلىدىكى ئاھاڭدار خۇسۇسىيەت، مول لېكسىكا بايلىقى، ئىخچام جۈملە قۇرۇلما تىپلىرى ۋە خىلمۇخىل ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەر ئەسەر تىلىنىڭ تەسىرلىك جانلىق ئوبرازلىق بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن. ئەسەر تىل، ئۇسلۇب، بەدىئىي قۇرۇلما قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن خاسلىق ياراتقان ۋە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە ئىگە. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ۋە ۋاستىلارنى ئىلمى ئۇسۇل بويىچە رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، خۇلاسىلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بۇ ھال بىزدىن «مايترى سىمىت»قا قارىتىلغان تەتقىقاتنى ماكرو جەھەتتىن مىكرو نوقتىغا يۈزلەندۈرۈپ، ئەسەر تىلىدىكى خاسلىق ۋە ئۆرنەكلىك ئامىللار ھەققىدە ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «مايترى سىمىت»تا جۈپ سۆزلەر ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، جۈپ سۆزلەرنى مەلۇم مەنىدىن ئەسەر تىلىدىكى بىر خاسلىق دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

جۈپ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە، مەنە قاتلىمى چوڭقۇر بولغان بىر كاتېگورىيە بولۇپ تىلىمىزدىكى ئالاھىدە بىر خىل لېكسىكىلىق بايلىق ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئاغزاكى نۇتۇقتىن ياكى خىلمۇخىل يازما ئالاقىلەرگىچە، بەدىئىي ئەدەبىياتتىن ئىلمى سىياسى، نەزەرىيە ئەسەرلىرىگىچە، قەدىمدىن تارتىپ زامانىمىزغىچە كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. جۈپ

[1] 耿世民 . 回鹘文哈密本《弥勒会见记》研究[M]，北京：中央民族大学出版社， 2008 . 594

سۆزلەر ئادەتتىكى بىر لىكسىكىلىق تەركىب بولۇپلا قالماي بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئۆزگە خاس ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمگە ئىگە بىر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىسى. ئۇنىڭ سىممېترىك شەكىللىك قۇرۇلمىسى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى ۋە تەكرارلىنىشىدىن شەكىللەنگەن رېتىملىق ئاھاڭدار خۇسۇسىيىتى تىلنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇپ ۋە ئىپادە شەكلىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا تىل ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن، شېئىرى تىل نۇقتىسىدىن، ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن جۈپ سۆزلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

«مايترى سىمىت» قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مۇھىم يازما يادىكارلىق يەنە كېلىپ ئەڭ بۇرۇنقى سەھنە ئەسىرى. ئۇ بىزنىڭ دراماتورگىيە تارىخمىزنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىرىچى قول ماتېرىيالدۇر. شۇڭا بۇ جەھەتتە تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ كەڭ دائىرىگە يۈزلەندۈرۈش، تىل تەتقىقاتى جەھەتتىنلا ئەمەس بەدىئىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بەكلا زۆرۈر ھېساپلىناتتى. ئەمما كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى تازا چوڭقۇرلىشالمىغان شارائىتتا ئەسەرنى بەدىئىي ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەتقىق قىلىش مەندەك بۇ ساھەگە ئەمدى قەدەم قويغان ئادەتتىكى ئاسپىرانت ئۈچۈن قىيىن توختايدىغان ئىلمىي ئەمگەك ئىدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىمنىڭ مەسلىھەت يول كۆرسىتىشى ۋە ئۆزۈم توپلىغان ماتېرىياللارنى رەتلەش ئاساسىدا ئەسەردىكى جۈپ سۆزلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيەتلىك شارائىتلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈپ مەزكۇر تېمىنى تاللىۋالدىم. بۇنداق بولغاندا قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى تەتقىقاتىدىكى تەييار تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلانغىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكىسىدىكى ئەھۋالاتلار بىلەن بىرلەشتۈرگىلى، ئەڭ مۇھىمى ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ جۈپ سۆزلەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمنى مۇھاكىمە قىلغىلى بولاتتى.

2-1-1تېمىنىڭ قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى

بۇ تېمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن سۆزلەش مۇمكىن:
بىرىنچي، بۇ تېما تىلىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان جۈپ سۆزلەرگە قارىتىلغان بولۇپ جۈپ سۆزلەرنىڭ بولۇپمۇ قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىدىكى جۆپ سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىمىزغا بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇرتىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا ئۇيغۇرتىلىنىڭ ناھايىتى زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ھىس قىلىپ يېتەلەيمىز. مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلى، قۇچۇ دەۋرىدە قوللىنىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى، خاقانىيە تىلى شۇنىڭدەك، چاغاتاي تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە قوللىنىلغان تىل ئوخشاش بىر تىل بولسىمۇ ئەمما ئىشلىتىلىش دەۋرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، جۇغراپىيىلىك ماكانىنىڭ كەڭ بولۇشى، ۋە بەزى دىنى، سىياسى پەرقلەر تۈپەيلىدىن بەزى پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەر ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتلەر ئىپادىلىنىپ كەلدى. جۈپ سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى

جەھەتلەردىمۇ ئۆزگىرىشلەر ۋە قىسمەن پەرقلىق خاسلىقلار كۆرۈلۈپ تۇردى. ئابدۇلەزنىڭ تىلىدىمۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تىلىدىمۇ، چاغاتاي تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىمۇ جۈپ سۆزلەرنى ئۇچرىتالايمىز. ۋە بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى كۈچەيتىش تىلىمىزنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانىنى ئىگىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق سېلىشتۇرما تەتقىقات زور مىقداردىكى يەككە ئەسەرلەرگە بولغان تەتقىقاتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. «مايتىرى سىمىت» تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، سەھىپىسىنىڭ كەڭ بولۇشى، ژانىر ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۇ جەھەتتە مۇھىم تىل ماتېرىيالى بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ تىلىدىكى مول جۈپ سۆز بايلىقى قەدىمقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغاچقا بۇ ئارقىلىق قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىدىكى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۇستىدە بىرقەدەر قاراتمىلىقى بولغان يەككە ماتېرىياللارغا ئىرىشەلەيمىز.

ئىككىنچى. بۇھەقتە ئىزدىنىش تىلىمىزدىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ بېيىشى ۋە رەڭدارلىششى ئۈچۈن كىرەكلىك ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ.

ئۇزۇن تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا يارىتىلغان مول ئەدەبى مىراسلىرىمىز تىرەن پىكىرلەرنى ئىپادىلەشتىكى ئىلمى بالاغىتى، يارقىن تەسەۋۋۇر ۋە ئۆزگىچە ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە ئىگە بەدىئىي پاساھىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى كۆزنەك. بىز شۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇنتۇلغان، تاشلىنىپ قېلىنغان، سەل قارالغان سۆز سەنئەتلىرىنىڭ ئۆرنەكلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرسەك، بەدىئىي تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كىرەكلىك يېڭى قان، يېڭى ئوزۇق، يېڭى ئىنىرگىيە تاپالايمىز.

ئالايلۇق «مايتىرى سىمىت»تىلىدا نۇرغۇن بۇددىزىم ئاتالغۇلىرى بولۇپ پىرتانىراكشىت بۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەندە قەدىمقى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن پايدىلىنىپ يېڭى سوز ئاتالغۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن ياساپ چىققان. بۇنداق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆزلۈكسىز قېزىپ، ئۆگىنىپ روھى ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەندە تىلىمىزنىڭ بەدىئىي ئىپادە كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتەلەيمىز.

ئۈچىنچى. مەلۇم مەنىدىن قەدىمقى زاماندىكى جۈپ سۆزلەر تەتقىقاتى يەنە ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىشنى يېڭى بىر كۆزىتىش نوقتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

تىل-تەپەككۇرنىڭ تاشقى پوستى، پەلسەپىنىڭ توشۇغۇچىسى، مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى. تىلدا ئىپادىلىنىدىغىنى ھەرگىز نوقۇل ھالدىكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم ئەمەس، ئۇنىڭغا شۇ مىللەتنىڭ مەدەىيتى، ئىستىتىك ئېڭى ۋە قىممەت قاراشلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا تىل ئارقىلىق مەدەنىيەتنى چۈشەنگىلى ۋە بىر قىسىم تارىخى ئۇچۇرلارغا ئىرىشكىلى بولىدۇ. «مايتىرى سىمىت»تىكى جۈپ سۆزلەردىمۇ ئوخشاشلا بەزى مەدەنىيەت ئېلېمىنتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، ئەسەردە كۆپ ئۇچرايدىغان

«دۇنيا»، «كائىنات» چۈشەنچىسىنى بىلدۈرىدىغان «jɛr suv» سۆزى مەڭگۈ تاشلاردىمۇ «jɛr sub» شەكىلدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «يەر-سۇ» شەكلىدە ئەمەس بەلكى «يەر-جاھان» دەپ ئېلىنىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددىزىم مىسلىسىز گۈللەنگەن بولسىمۇ ئەمما كۆك تەڭرى ، jɛr sub تەڭرىسى چۈشەنچىلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللەردە ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئۇندىن باشقا ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە مايتىرى بۇددانىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەندە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلى تەسۋىرلەيدۇ، بۇ پورتىرىت تەسۋىرلىرىدىمۇ خىلمۇخىل جۈپ سۆزلەر قوللىنىلغان بولۇپ بىز ئۇنىڭدىن شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىستېتىك چۈشەنچىلىرىنى بىلەلەيمىز.

تۆتىنچى، بۇ تېما جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولىنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىش جەھەتتە بىر قىسىم پايدىلىق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشىغا پايدىلىق.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكا تەتقىقاتى تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىقتىكى نىسبەتەن ئاجىز ساھەلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ساھەلەر تېخى ئېچىلمىغان ھالەتتە، ھەتتا دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەرنىڭ نامى ۋە تۈرى ھەققىدىمۇ بىرلىككە كەلگەن تونۇش شەكىللىنىپ بولالمىدى. نۇرغۇن تىل تەركىبلىرىمىز، خەلق تىلىدا دائىم قوللىنىلىدىغان ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا تېخى تۈزۈكرەك دىققەت نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىز يوق، شۇڭا نۆۋەتتە ئىلمى ئۇسۇل قوللىنىپ تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش زۆرۈر. بۇ جەھەتتە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىلمي ئۇسۇل پىرىنسىپ بولۇپ ئۇسۇل توغرا بولسىلا تىل ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز توپلىنىشىغا ئەگىشىپ ھەل بولمىغان مەسىلىلەر تەدرىجى ھەل بولىدۇ. ماتېرىيالىزىمنىڭ تۈپكى قائىدىسى بويىچە نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ ۋە ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئوخشاشلا ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشى توختىماي ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. مۇشۇنداق يەككە ئەسەرلەرگە ۋە كونكرېت تىل ماتېرىياللىرىغا بولغان بىلىشىمىز چوڭقۇرلاشقانسېرى ئاندىن ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەت ۋە ئۆلچەملەرنى ئىگىلەپ توغرا يېتەكچى ئىدىيە ۋە مېتودقا ئىگە بولالايمىز.

1-2.تېمىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار

1-2-1 «مايتىرى سىمىت» قا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار

«مايتىرى سىمىت» تا بۇددا دىنىدىكى كەلگۈسى ئىلاھ مايتىرى بۇرخاننىڭ ئىش پائالىيەتلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇددا دىنىدىكى مايتىرىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر قەدىمقى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئېتىقاد- چۈشەنچىلىرىدىكى قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ سائۇشيانت (saošyant) بىلەن بولۇپمۇ مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق ئەلچىسىنىڭ دۇنياغا قايتا كېلىشى ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «مايتىرى سىمىت» قا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ 1903-يىلى لېكوكلار شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ «مايترى سىمىت»نىڭ تورپان ۋە قاراشەھەر رايۇنلىرىدىن توخرىچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ياۋرۇپا ئىلىم ساھەسىدە كەڭ قانات يېيىپ خېلى گەۋدىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بولۇپمۇ موللېر(F.W.K.Mueller) ھازىرقى مۇڭغۇل يېزىقىغا ئاساسەن قەدىمقى ئۇيغۇرچىنى يېشىپ ئوقۇغاندىن كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1907-يىلى ئۇ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نامەلۇم بىر تىلنى بىكىتىشكە قوشۇلغان تۆھپە» ناملىق ماقالىسىدە تۇنجى بولۇپ «توخرى تىلى» دىگەن ئاتالمىنى بىكىتتى. 1911-يىلى ئۇ يەنە «مايترى سىمىت ۋە توخرى تىلى» دىگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى.

«مايترى » سانسكرىت تىلىدا «Maitreya» دىيىلىدىغان بولۇپ، 1919-يىلى گېرمانىيە ئالىمى E.Leumann ئۇدۇن ساك تىلىدىكى « Maitreya samiti » نامىدىكى كىتاپچىنى نەشىر قىلدۇردى. كېيىن 1968-يىلىR.E.Emmerick مەزكۇر كىتاپنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «زامباستا كىتابى» (Book of Zambasta) دىگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇ. ھەر ئىككى ئەسەردە مايترىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بۇددىزىم ئەسەرلىرى ھەققىدە خېلى كەڭ ئۇچۇر بېرىلىدۇ.

«مايترى سىمىت»نىڭ يەنە بىر ئىسمى «مايترىيا ۋۇياكارانا» («弥勒授记»، «Maitreya-Vuyãkarana») دىيىلىدىغان بولۇپ بۇ نام ھىندى مۇتەخەسسىسى P.C.Majumder نىڭ «Arya-Maitreya-Vuyãkarana » ناملىق ئەسىرىدە ئەڭ دەسلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، «مايترى سىمىت»نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ بىرلا خىل بىلەن چەكلەنمەيدۇ. گېرمانىيە تۈركولوگى گابائىن خانىم (A.V.Gabain) 1957-يىلى مايىنتىس (Mainz) پەنلەر ئاكادىمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان 113 ۋاراق قەدىمقى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى «مايترى سىمىت»نىڭ ۋاراقلىرىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىلىرىنى نەشىر قىلدۇردى. ئۇ يەنە 1961-يىلى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان «مايترى سىمىت»نىڭ 114ۋارىقىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم ساھەسى «مايترى سىمىت»نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. خەلقئارادا قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىدىكى«مايترى سىمىت» قا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملاردىن فىرانسىيىلىك خاملتون، تۈركىيىلىك شىناسى تېكىن قاتارلىقلار بار بولۇپ شىناسى تېكىن گابائىن خانىم ئېلان قىلدۇرغان فوتو نۇسخىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا قەدىمقى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى «مايترى سىمىت»نى سىستىمىلىق تەتقىق قىلدى.

ئېلىمىزدە مەزكۇر ئەسەرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى تەتقىق قىلىش 1960-يىللاردا باشلاندى دىيىشكە بولىدۇ. يەنى 1959-يىلى ئېلىمىزدە «مايترى

سىمت»نىڭ قوْمۇل نۇسخىسى تېپىلغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار قولغا ئېلىنىشقا باشلىدى. 1962-يىلى پروفېسسور فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلىنىڭ 7-8 بىرلەشمە سانىدا «مايترى سىمت»نىڭ قوْمۇل نۇسخىسى توغرىسىدا ئەسەر توْنجى بولۇپ ئەسەر ئىلان قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن لى جېڭۋېي، گېڭ شىمىن، ئىسراپىل يۇسۇپ، ئابدۇقەييۇم خوجا ۋە دولقۇن قەمبىرىلەر بۇ تەتقىقاتلارنى ئىنتايىن ياخشى داۋاملاشتۇردى. گېڭ شىمىن ئەپەندى 60-يىللاردىن باشلاپ بىر قەدەر ئىزچىل ھالدا «مايترى سىمت» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ گېرمانىيە ۋە فىرانسىيە تەقىقاتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ يازغان ۋە ئۆزى يالغۇز يازغان 10نەچچە پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە « قەدىمقى ئۇيغۇرچە ‹ مايترى سىمت › نىڭ قوْمۇل نۇسخىسى توغرىسىدا تەتقىقات » دېگەن كىتابى 2008-يىلى 3-ئايدا مەركىزى مىللەتلەر ئۇنۇۋېرسىتتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولىدىغىنى جى شيەنلىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئىلمى ئەمگىكىدۇر. ئۇنىڭ گەرچە بىۋاستە قەدىمقى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمت» ھەققىدە بەك جىق تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، ئۇ توخرىچە شىكشىن نۇسخىسىنى يېشىپ ئوقۇپ ۋە نەشرگە تەييارلاپ قەدىمقى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمت» بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۆزىنىڭ سانسكرىت تىللىرى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئورنى ۋە ھىندىستاننىڭ قەدىمقى مەدىنىيىتىگە بولغان ئەتراپلىق بىلىمگە تايىنىپ «مايترى سىمت»نىڭ خاراكتىرى، ئۇسلۇبى ۋە مايترى ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە يېڭىچە كۆز قاراش ۋە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىزدە بولسا ئىسراپىل يۇسۇپ، ئابدۇقەييۇم خوجا ۋە دولقۇن قەمبىرى قاتارلىقلارنەشرگە تەييارلىغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ مايترى سىمت ›(1) » دېگەن نامدا 1987-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «مايترى سىمت»نىڭ قوْمۇل نۇسخىسىدىكى ئالدىنقى بەش بۆلۈمنى (يەنى يۈكۈنچ بۆلۈمدىن 4-بۆلۈمگىچە) ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يەشمە ۋە چۈشەندۈرۈش بىلەن فوتو نۇسخىسى تىرانسكرىپسىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ مۇشۇ ساھەدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ قالدى. مەرھۇم تىلشۇناس ئالىمىمىز ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى مەزكۇر كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە بۇ تىمىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىلمى ماقالىلەرنى يازدى. مەسىلەن: ئۇنىڭ «تەرجىمان ئالىملارنىڭ ۋەكىلى پىرتانىراكشىت كارماۋاژىك» دېگەن ماقالىسىدە «مايترى سىمت»نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى روياپقا چىقارغۇچى پىرتانىراكشىتنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە بۇ ئەسەردىكى تەرجىمە ماھارىتى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق توختالغان. مەزكۇر دىسسېرتاتسىيىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ تىرانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىسىدە ئىسراپىل يۇسۇپ، ئابدۇقەييۇم خوجا ۋە دولقۇن قەمبىرى قاتارلىقلارنەشرگە تەييارلىغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ مايترى سىمت ›(1) » دېگەن كىتاپ ئاساس قىلىندى، قىسمەن گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ « قەدىمقى ئۇيغۇرچە ‹ مايترى سىمت › نىڭ قوْمۇل نۇسخىسى

توغرىسدا تەتقىقات » دىگەن كىتابىدىن پايدىلىنىلدى.

1-2-2. قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار

مەزكۇر تىمدا ئەدەبىيات تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن كۆرە تىل تەتقىقاتىغا بولۇپمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە بەكرەك يۈلىنىدىغان بولغاچقا بۇ ھەقتىمۇ ئاز تولا توختىلىش زۆرۈر دەپ قارىدىم. ئەلۋەتتە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلار كەڭ تۈركولوگىيە ساھەسىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تەتقىقات نەتىجىلىرىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ ھەممىسىنى بىر يولى سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا قاراتمىلىق قىلىپ قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندىم
19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنىغا قارىتىلغان ئېكسپىدىتسىيە پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلىشى بىلەن تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايۇنلاردىن زور مىقداردىكى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە باشقا يېزىقتىكى (مەسىلەن، مانى يېزىقى، براھمى يېزىقى دىگەندەك) يازما يادىكارلىق ۋە ۋەسىقىلەر قىزىۋېلىندى. بۇلارنىڭ چېتىلىش ئىنتايىن كەڭ بولۇپ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى، دىنىي ئېتىقادى بولۇپمۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتىريىال بولۇپ قالدى . قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارمۇ مۇشۇ ماتىريىاللارنى ئاساس قىلىپ دۇنيانىڭ ھارقايسى جايلىرىدىكى بولۇپمۇ ياۋرۇپادىكى ئالىملارنىڭ بۇ ساھەگە ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئىلمى قىممىتى زور، تەسىرى كۈچلۈك تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقا ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇلار تىلنىڭ فونىتىكا، لىكسكا، گراماتىكا قاتارلىق ھەرقايسى تەركىبى قىسىملىرىچە چېتىلىدۇ.
ئەڭ دەسلەپتىكى تەتقىقاتلار ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى بىرگەۋدە قىلىنىپ «قەدىمقى تۈرك تىلى» دىگەن نام بۇيىچە تەتقىق قىلىنغان بۇنىڭدا گابائىن خانىمنىڭ 1941-يىلى نەشر قىلىنغان « قەدىمقى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» دىگەن ئەسىرىنىڭ تەسىرى زور بولغانىدى. كىيىن قەدىمقى تۈرك تىلى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ بۇ ئوخشاش بىر تىلنىڭ ئىككى خىل تارىخى باسقۇچى ئايرىم ئايرىم تەتقىق قىلىنىشقا باشلاپ، قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ساھە بولۇپ شەكىللەندى.
بۇ جەھەتتە روس ئالىملىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ چارروسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياستى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇلار بۇساھەدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن رادلوف، مالوف، تېنىشىف، شىرباك، ناسىلوف قاتارلىقلاربار.
رادلوف خېلى كۆپ قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنى ئېلان قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ

ئۆزىنىڭ «قەدىمقى تۈركچە يادىكارلىقلار تەتقىقاتى» دىگەن ئەسرىدە ئابىدىلەر تىلى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ ئۆلچىمىنى تۇنجى بولۇپ ئىنىق ئوتتۇرىغا قويىدى.

مالوف رادلوفتىن كىيىن يىتىشىپ چىققان قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلار تەتقىقاتى بۇيىچە تونۇلغان مۇتەخەسسىس. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسرى « قەدىمقى تۈركچە يادىكارلىقلار » ئۇنىڭغا قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئەسەر «ئالتۇن يارۇق» كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مالوفنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى تۈركى تىللارنى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ تارىخى ئۆلچەم بۇيىچە تۈرگە بۆلىدۇ.

تېنىشىق مالوفنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى تۈركولوگلار ئىچىدە تەسىرى ئىنتايىن زور. ئۇ 1959-يىلى ئېلان قىلغان «‹ئالتۇن يارۇق› گىراماتىكىسى ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا ھازىرقى زاماندىكى تىلشۇناسلىق قائىدىلىرى بۇيىچە « ئالتۇن يارۇق » تىكى گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ، تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇمى قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ . بۇ ئەسەر خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ مەلۇم بىر يازما يادىكارلىقنى تۇتقا قىلىپ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى قۇرۇلما جەھەتتىن تەتقىق قىلىغان ئەسەر بولۇپ مۇشۇ ساھەدە مۇھىم تەسىرگە ئىگە

سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. م. شىرباك. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «10-13-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ تۈركى تىل گىراماتىكىسى». گەرچە بۇ ئەسەردە ئاساس قىلىنغان تىل ماتىرىياللىرىدا باشقا تىل يېزىق تەركىبلىرى بار بولسىمۇ ئەمما 10-13-ئەسىردىن ئىبارەت بۇ مەزگىل دەل قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولغاچقا بۇ ئەسەر تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەر سۈپىتىدە تونۇلۇپ قوللانمىلىق مەنبەلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ئەسەردە 10-13-ئەسىرلەردىكى تۈركى تىل يادىكارلىقلاردىكى تىلىنىڭ فونىتىكا، مورفولوگىيە ۋە باشقا گىراماتىكىلىق كاتىگورىيەلەر نوقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەردە كەم قالغان بىر تەرەپ سىنتاكسىس ئىلمىغا دائىر مەزمۇنلار بولۇپ باشقا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر خېلى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

1963-يىلى سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىدىن ناسىلوفنىڭ «قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى» دىگەن كىتابى ئېلان قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى جەمئى 122بەت بولۇپ ئاساسلىقى فونىتىكا، ئىملا قائىدىسى، تۇرغۇن سۆزلەر، پېئىللار، رەۋىش ۋە سىنتاكسىسلىق قائىدىلەر تۈرلەر بۇيىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىدىن باشقا يەنە گىرمانىيەنىڭ بۇساھەدىكى تەسىر كۈچىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك. لېكوك. موللىر، گابائىن قاتارلىق ئاساسلىق ۋەكىللىرى بار

موللىرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ھوسۇللۇق بولۇپ، ئۇ خېلى كۆپ يازما ھۆججەتلەرنى يىشىپ ئوقۇغاندىن باشقا قەدىمقى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرگە بېغىشلانغان «ئۇيغۇرىكا» دىن تۆت قىسىم نەشىر قىلدۇرىدۇ

تۈركىيەمۇ قەدىمقى تۈرك تىللىرى تەتقىقاتىدا دۇنيا ئىتىراپ قىلىدىغان ئالىم

مۇتەخەسسىسلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار قەدىمقى تۈرك تىلى جۈملىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىنىڭ ئۆگىنىلگەن ساھەلىرىدە تۈرلۈك ئىلمى ئەمگەكلەرنى ئىشلەپ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ زورىيىشىغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى، بۇلارنىڭ تەسىرى زور بولغانلىرى ئىلگىرى كىيىن بولۇپ بېسىم ئاتالاي، رەشىد رەھمەتى ئارات، نەجىپ ئاسىم، ھۈسەيىن نامىق ئۇرقۇن، مەخمەت ئاكالىن، تالات تەكىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1975-يىلى ئامىرىكىلىق كىراك ئۆزىنىڭ دوكتۇرلۇق دىسسىرتاتسىيىسى «13-14-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىم-بېرىم ھۆججەتلىرى ھەققىدە بايان»نى ياقلىدى. بۇ دىسسىرتاتسىيە 6بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ بۇنىڭ 3-بابى خېلى چوڭ ھەجىمدە يېزىلىپ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى خۇلاسىلەنگەن.

ئېلىمىز مەھمۇد كاشغەرىدىن باشلاپ ھېساپلىغاندا گەرچە تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ بارلىققا كەلگەن يېرى بولسىمۇ ئەمما خىلمۇخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى ھەققىدىكى تەتقىقات بىر قەدەر كېيىنرەك قولغا ئېلىندى. 50-يىللاردا فىڭ جىيا شېڭ ئەپەندى مۇشۇ ساھەدە مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى سىياسى ھەركەتلەر ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىرىدا بۇساھە يەنە تاشلىنىپ قېلىپ 80-يىللاردىن كېيىن قايتا راۋجلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىق ھەر مىللەتتىن بولغان ئالىم مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەخسۇس تەتقىقاتچىلار قوشۇنى شەكىللىنىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە خېلى جانلىنىش بارلىققا كەلدى

ئومۇمەن. قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تۈركولوگىيىنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى تەتقىقاتلارغا نىسبەتەن كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ. يۇشۇرۇن كۈچى زور، يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەت تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى تەتقىقاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە تېخىمۇ كەڭ ساھەلەرگە يۈزلىنىدۇ

1-2-3 ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار

جۈپ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى مەخسۇس تەتقىق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان كاتىگورىيە. بۇھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق جۈپ سۆزلەر كۆپىنچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىغا ئائىت دەرسلىك كىتاب، ۋە ئەسەرلەردە ئادەتتىكى بىر لېكسىكىلىق تەركىب سۈپىتىدە ئىنقلىما بېرىش، ۋە ئازغىنە مىسال بىلەن چەكلەنگەن چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بايقايمىز. ھالبۇكى، بۇنداق ئازغىنە مىساللار بىلەن ئۇيغۇرتىلىدىكى ئۆزگىرىشچان، مەنىگە باي بۇنداق بىر سۆزلەر توپىنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولمايتتى.

جۈپ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرچە چىققان تىل كىتابلىرى ئىچىدە مەزمۇنى مول، تەكشۈرۈش دائىرىسى كەڭ، ھەر تەرەپلىمە مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن كىتاب قازاقىستان

س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىلاۋيان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە تۈزگەن، 1985-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كونا يېزىقى بويىچە نەشىر قىلغان ئىككى توملۇق «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى» كىتابىدۇر. بۇكىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا جۈپ سۆزلەرگە ئايرىم بىر سەھىپە ئاجرىتىپ چۈشەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ يېڭىچە نوقتىئىنەزەرلەرگە ئىگە بولۇشى، مەزمۇنغا باي، نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى ئىنىق بولۇشى، تەپسىلى ۋە ئەتراپلىقلىقى جەھەتتىدىن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

يەنە بىر مەسىلە، جۈپ سۆز ھازىرغىچە تىل كىتابلىرىدا تۈزۈلۈشى پەرقلىنىدىغان ئادەتتىكى بىر لىكسىكىلىق تەركىب سۈپىتىدە چۈشىنىلىپ كەلدى. ئىستىلىستىكا ئىلمىمىزنىڭ ئاجىز ھالەتتە تۇرىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى، ئەدەبى ئەسەرلەردە پەيدا قىلىدىغان بەدىئىي ئۈنۈمى ھەققىدە مۇلاھىزە ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا بۇيەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، پروفېسسورئارسلان ئابدۇللا باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى» ناملىق ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم پەيدا قىلىدىغان ئامىللار ئىچىدە جۈپ سۆزلەرگە ئايرىم سەھىپە ئاجرىتىپ جۈپ سۆزلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى رولى ياخشى مۇھاكىمە قىلىنغان. شۇڭا جۈپ سۆزلەرگە يېڭىچە كۆزىتىش نوقتىسى بويىچە قاراش ياكى يېڭىچە ئۇسۇل بويىچە تەتقىق قىلمىغاندا ئۇنىڭدىكى خاسلىقلارنى تاپالمايمىز.

3-1. ئاساسلىق تەتقىقات ئۇسۇللىرى

بۇ دىسسېرتاتسىيىدە ئەسەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تېكستولوگىيە پىرىنسىپى بويىچە ئەسەردىن ئېلىنغان مىساللارترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بويىچە ئېلىندى. نۆۋەتتە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى ترانسكرىپسىيە قىلىشنىڭ ئۈچ خىل ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ، بىرىنچىسى، لاتىن ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان، بىر قىسىم ئالاھىدە بەلگىلەر قوشۇلغان، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى، تۈركى تىللاردىكى سۇزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەقىقاتىنىڭ نەتىجىسى ئاساسىدا بېكىتىلگەن، سۇزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلار پەرقلەندۈرىلىدىغان ترانسكرىپسىيە، بۇ ئادەتتە سۇزۇق تاۋۇشلۇق لاتىنچە ترانسكرىپسىيە دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، لاتىن ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان، بىر قىسىم ئالاھىدە بەلگىلەر قوشۇلغان، سۇزۇق تاۋۇشلار پەرقلەندۈرۈلمەي، ئەسلى ئەسەردىكى ھەرپلەرنى بىۋاستىلا ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇل، بۇ ئادەتتە لاتىنچە سۇزۇق تاۋۇشسىز ترانسكرىپسىيە دېيىلىدۇ. يەنە بىرى سىلاۋيان ھەرپلىرى بويىچە بېكىتىلگەن ترانسكرىپسىيە بولۇپ بۇ سىلاۋيانچە ترانسكرىپسىيە دېيىلىدۇ. مەزكۇر دىسسېرتاتسىيىدە مەتبەئەدە بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ۋە كۆنۈككەن ئادەت بويىچە خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەندى. تۆۋەندىكى بىرىنچى جەدۋەلدە بۇ تۆت خىل ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى بېرىلدى.

تۆت خىل ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە	لاتىنچە سۇزۇق تاۋۇشلۇق ترانسكرىپسىيە	لاتىنچە سۇزۇق تاۋۇشسىز ترانسكرىپسىيە	سلاۋيانچە ترانسكرىپسىيە
a	a	”	a
ɛ	ä	,	a
I~i	ï~i	’y~y	~iЫ
o~u	o~u	’w ~w	o~y
ø ~ y	ü~ö	’ w y	o~y
b~p	b~p	p	п ~б
w~v	w~v	w~β	В
ɣ	ɣ	q	ɦ
q	q	q~q	К
x	h	K	X
g~k	g~k	K	~ К Г
d~t	d~t	d~ ḍ~ṭ~t	Д ~ Т
ʐ	ž	ẓ~z	ж
z	z	Z	З
J	y	Y	J
l	L	1	Л
m	m	m	M
n	n	n	H
r	r	r	P
s	s	s	s
ʃ	š	s	š
ʧ	č	c	Ч

يەنە بىرى، مىسال بىرىشتە نەقىل ئېلىنغان سۆز ياكى جۈملىنىڭ ئەسلى ئەسەردىكى ئورنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شەرتلىك قىسقارتىلمىلار ئىشلىتىلدى. بۇنىڭدا ئۈچ بۆلەك سان ھەرپ تىزمىسى قوللىنىلدى. ئالدى بىلەن سولدىن ئوڭغا تەرتىپ بويىچە ئەڭ باشتىكى سان ئارقىلىق قانچىنچى بۆلۈم ئىكەنلىكى (0 بىلەن يوقۇنچ بۆلۈم) كۆرسىتىلدى، ئوتتۇرىدا رەقەم ۋە لاتىن ھەرپى بولۇپ، رەقەم ئارقىلىق قانچىنچى ۋاراق

ئىكەنلىكى a ئارقىلىق ۋاراقىنىڭ ئالدى بېتى، b ئارقىلىق كەينى بېتى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلدى، ئەڭ ئاخىرىدىكى سان ئارقىلىق قۇر سانى كۆرستىلدى. مەسىلەن
(4 1a 0) (يۇكۈنچ بۆلۈمنىڭ 1-ۋارىقىنىڭ ئالدى بېتىدىكى 4-قۇر)
(9 2b 1) (بىرىنچى بۆلۈم 2-ۋاراقىنىڭ كەينى بېتىدىكى 9-قۇر)
(12~15 5a 2) (ئىككىچى بۆلۈم، 5-ۋاراقىنىڭ ئالدى بېتى، 12-قۇردىن 15-قۇرغىچە)

سېلىشتۇرۇش تەتقىقات ئوبىكتىنى چۈشىنىشتىكى ئاساسلىق يول، شۇنداقلا ئىلمى تەتقىقاتتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى. سېلىشتۇرۇشتا ئادەتتە تىل ۋە توغرا ئىككى خىل يول بويىچە سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. يەنى مۇئەييەن بىر شەيئىنىڭ ئوخشاش ئوخشاش ۋاقىت ئوخشىمىغان ماكان شارائىتى ئىچىدىكى پەرقنى سېلىشتۇرۇش توغرا لىنىيەلىك سېلىشتۇرۇش بولۇپ بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق شەيئىنىڭ رايۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. بىر شەيئىنىڭ ھەرقايسى تارىخى باسقۇچلاردىكى ئۆزگىرىشنى سېلىشتۇرۇش تىك لىنىيەلىك سېلىشتۇرۇش بولۇپ، بۇنداق ئۇسۇل ئەينى بىر ئوبىكتىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تارىخى كەچۈرمىش ۋە تارىخى ئۆزگىرىشلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىشكە پايدىلىق. جۈپ سۆزلەر ناھايىتى بۇرۇنلا ئەدەبى تىلىمىزنىڭ تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ بولغاچقا (بۇنى مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ)، يەنە كىلىپ بىرقانچە دەۋرلەرگە بۆلۈنىدىغان بولغاچقا (قەدىمقى تۈرك تىلى، قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى، چاغاتاي تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى دىگەندەك) بىز بۇ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات جەريانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلىرىنى تىك لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى يەكۈنلىشىمىز زۆرۈر. يەنە بىرتەرەپتىن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار خانلىقى ۋە قۇچۇ خانلىقىنى مەركەز قىلغان ئىككى سىياسى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان، دىنىي مۇھىت ۋە سىياسى تۈزۈم ئوخشىمىغانلىقتىن تىلدا ئىپادىلىنىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسىمۇ مۇقەررەر پەرقلىنىدۇ. شۇڭا تىل نوقتىسىدىن جۈملىدىن جۈپ سۆزلەر جەھەتتىدىن سېشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىمۇ مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى خانلىق دەۋرىدە يۇقىرى مەدەنىيەت پەللىسىدە تۇرىۋاتقان بولغاچقا قالدۇرۇلغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ كۆپ، پايدىلىنىدىغان بىرىنچى قول تىل ماتىرىياللىرىمۇ يېتەرلىك ۋە تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئىسلام مۇھىتىدىكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى «قۇتادغۇبىلىك»،«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك». «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بىلەن بۇددىزىم شارائىتىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق ئەسەرلەردە يېتەرلىك تىل ماتىرىياللىرى ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى بار.بىز بۇلارنى توغرا لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرساق قىممەتلىك بىلىشلەرگە ئىگە بولۇشىمىز شۈبھىسىز. شۇڭا يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان تىك ۋە توغرا

لىنىيەدىكى سىلىشتۇرۇش كەڭ ئىمكانىيەت ۋە زۆرۈرىيەتكە ئىگە تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ بىرىدۇر. ئەلۋەتتە بۇنداق ئادەتتىكى بىر دىسسىرتاتسىيە ماقالىسى ئارقىلىق بۇنى ئورۇنداپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ كۆرگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇلارنى پەقەت بىر خاتىرە تەرىقىسىدە ماقالەمگە كىرگۈزدۈم.

2. «مايترى سىمىت» ھەققىدە

2-1. «مايترى سىمىت»نىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بايقىلىشى

«مايترى سىمىت» جۇڭگودا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى قولىيازمىلار ئىچىدە يىل دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان يازما يادىكارلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.. بۇنىڭدا ئەڭ بورۇنقىسى سۆپىتىدە 1906-يىلى فون لېكوك (A.V.Lecq) باشلامچىلىق قىلغان گىرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ قارا شەھەر ناھىيىسى شورچۇق دىگەن يېرىدىن قىزىۋالغان«مايترى سىمىت» نىڭ توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. گىرمانىيىلىك گرونۋىدىل ۋە لېكوكلارشىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۇرپاندىن «مايترى سىمىت»نىڭ تۇركچە نۇسخىسىنى، قاراشەھەردىن قەدىمكى بىراھمى يېزىقىنىڭ گۇپتا خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان قىپاش ھەرپلىرىدە يېزىلغان نۇسخىسىنى قىدىرىپ تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىكى قارا شەھەردىن تېپىلغان نۇسخىسىنىڭ تىلىنى نىمە دەپ ئاتاشنى بىلەلمەي ۋاقىتنچە «نامى تونۇلمىغان مىللەت تىلى I» دەپ ئاتاپ نۇمۇر قويغان. 1907-يىلى گىرمانىيىلىك موللىر تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەن قەدىمقى سوغدى ھەرىپى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە قول يازمىلاردىكى مەزمۇنلارنى يېشىپ ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى ئاريا چانتىرى ئەنەتكەك تىلىدىن توخرىچە نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، پىرتانىراكشىت توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان دىگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن بۇ تىلنى«توخرى تىلى» دەپ ئاتاش كىرەكلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. 40-يىللاردا فىرانسىيە ئارخېئولوگلىرى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى شۇەنزاڭ «توخرى دۆلىتى» دەپ ئاتىغان رايۇندىن قەدىمكى گىرىك ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان توخرى ئابىدىلىرىنى تاپقان. بۇ يېڭى ۋەقەدىن كىيىن تەتقىقات ساھەسىدە قارا شەھەردىن تېپىلغان ئەسەرنىڭ تىلى بىلەن بۇ ئابىدىلەرنىڭ تىلىنى نىمدەپ ئاتاش توغرىسىدا مۇنازىرە باشلاندى. بەزىلەر ئافغانىستاندىن تېپىلغان ئابىدىلەرنى «توخرى تىلى»، قارا شەھەردىن تېپىلغان ئەسەرنىڭ تىلىنى «قارا شەھەر تىلى» دەپ ئاتاش كىرەك دەپ قارىغان بولسىمۇ، كۆپىنچە ئالىملار تۇركچە قول يازمىلاردىكى بايانغا ھۆرمەت قىلىپ ھەر ئىككىلىسىنى توخرى تىلى دەپ ئاتاشتا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە.شۇڭا مۇشۇنىڭغا ماس ھالدا قارا شەھەردىن تېپىلغان بۇ ئەسەر «مايترى سىمىت»نىڭ توخرىچە نۇسخىسى دىيىلىپ كېلىنمەكتە. بۇ توخرىچە نۇسخىسمۇ ئىككى خىل بولۇپ گرونۋىدىل ۋە لېكوكلار ئېلىپ چىقىپ كەتكەن نۇسخىسى شورچوق نۇسخىسى دىيىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى قاراشەھەردىن تاپقان نۇسخىسمۇ بار بولۇپ بۇ شىكشىن نۇسخىسى دىيىلىدۇ. توخرى تىلىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ شىكشىن نۇسخىسىنى

1965-يىلى ئىلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قاراشەھەر ناھىيە مەركىزىدىن تەخمىنەن 30كىلومېتىر نېرىسىغا جايلاشقان شىكشىن مىڭ ئۆيىنىڭ شىمالى ئىبادەتخانىسىدىن تاپقان بولۇپ جەمئىي 44ۋاراق (يەنى 88بەت)، قەغىزىنىڭ ئۇزۇنلىقى 32سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 18.5سانتىمېتىركېلىدۇ. ھەربىر بەتتە كۆپىنچە 8قۇر خەت، ئاز بىرقىسىم بەتلەردە پەقەت ئالتە قۇرلا خەت بار. ۋاراقلىرى ئېغىر دەرىجىدەبۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ۋاراقلارنىڭ رەتى قالايمىقان بولۇپ قەغەزلىرى پۈتۈنلەي سارغىيىپ كەتكەن،

ئەمدى «مايترى سىمىت» نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا كەلسەك، مەيلى ساقلىنىش جەھەتتىن بولمىسۇن مەيلى سەھىپىسى جەھەتتىن بولمىسۇن قۇمۇلدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە تولۇق ساقلانغان بولۇپ ئۇنىڭ تېپىلىشى مەدەنىيەت تارىخىمىزغا نىسبەتەن مۇھىم بايقاش ھىساپلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇددىزىم دەۋرىگە مەنسۇپ يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە توخرى تىلىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ قاراشەھەردىن تېپىلغان شىكشىن نۇسخىسى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى (يەنى قۇمۇل نۇسخىسى)نىڭ تېپىلىشى ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ ساھە بۇيىچە قولغا كەلتۈرگەن زور ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغان «مايترى سىمىت»نىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرىنى ئومۇمەن ئازادلىقتىن بورۇن چەتئەل ئېكىسپىدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن تېپىلىپ چەتئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كىتىلگەنىدى. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت»نىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنى 1959-يىلى 4-ئايدا قۇمۇل ناھىيە تىيانشان گوڭشېي تۆمۈرتى دادۈي (脱木尔提大队) باشتۇرا مەھەللىسىدىكى يەھيا رېھىم ئىسىملىك ئۇيغۇر چارۋىچى «كىچىك داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان قارىغايلىق ئىدىردىن مال بېقىش جەريانىدا تېپىۋالغان بولۇپ بۇ قولىيازما ئەسلىدە كىگىزگە يۆگەپ تاشلار ئارىسىغا كۆمۈپ قويۇلغان. بۇ نۇسخا جەمئىي 293 ۋاراق (يەنى 586بەت) بولۇپ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنلۇق مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ قەغىزى قارامتۇل سېرىق رەڭلىك قېلىنراق قاتتىق قەغەز. ھەربىر بېتىنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئاستى-ئۈستى تەرەپلىرىدە تەكشى بوش ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئىنچىكە ۋە سۇس سىزىلغان قۇر سىزىقچىلىرى ئۈستىگە قارا سىيا بىلەن سولدىن ئوڭغا قاراپ تىك شەكلىدىكى قۇر بۇيىچە چىرايلىق، ۋە رەتلىك قەدىمقى ئۇيغۇرچە خەت بىلەن يېزىلغان. ھەربىر بەتتە 30 ياكى 31 قۇر بار بولۇپ ھەربىر ۋاراقتا قايسى بۆلۈم ۋە قانچە ۋاراقلىقى ئەسكەرتىپ يېزىلغان. يەنە ھەربىر بەتنىڭ 7-قۇرىدىن 10-قۇرىغىچە بولغان ئارىلىق ئوتتۇرىسىغا ئىنچىكە، سۇس قارا سىزىقلىق دۈگىلەك دائىرە سىزىلىپ بۇ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك بىر كىتاپ تۈكلەش تۆشۈكچىسى ئېچىلغان. بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرگۈچىسى ھەققىدە ئەسەردىكى يۈكۈنچ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى

چۇ تاش يىگەن ئىسىملىك كىشىنىڭ ساۋاپ تېپىش مەقسىتىدە كۆچۈرۈتكۈزگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «مايترى سىمىت»نىڭ خەتلىرىنىڭ خەت شەكلى ۋە كۆركەملىكىدىن ئەينى ۋاقىتتا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى خەتتاتلىقىنىڭ كىيىنكى چاغلاردىكى چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى تەرەققى قىلغانلىقىنى، كىتاپ كۆچۈرۈش، كىتاپ كۆچۈرتكۈزۈش قاتارلىق كىتاپچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىپ كەسپلەشكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

بۇ نۇسخىنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدىمۇ ئەسەردە ئېنىق تەپسىلاتلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن 3-بۆلۈمنىڭ خاتىمە قىسمىدىكى 19-قۇردىن 25-قۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇنداق باياناتلار بار:

19. alqu ʃasatarlarıɣ øtkyrmiʃ typkɛrmiʃ
20. vajbaʃ ʃastr boʃɣunmıʃ aryatʃintri bodisavat
21. kʃi atʃari ɛnɛtkek tilintin toχri tilintʃɛ
22. yaratmıʃ prtarakxit krmavaʐik toχri
23. tilintin tyrk tilintʃɛ ɛvirmix majtri si
24. mit nom bitigdɛ aniruti arχantnıŋ
25. avdani atliıɣ ytʃuntʃ ylyʃ tykɛldi

تەرجىمىسى:

19.بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئىگەللىگەن ۋە تەتقىق قىلغان،

20. ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچىنتىرى بودساتۋا

21. ئۇستاز ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلىچە

22.ياراتقان، پىرتاراكشىت كرماۋاژىك توخرى

23.تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان مايترى س

24. ىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ

25. ئاۋدانى ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى.

دىمەك، بۇئەسەرنى ئاالدى بىلەن سۇلمىلىق ئارياچانتىرى سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان. پىرتانىراكشىت بۇ نۇسخىغا ئاساسەن تۈرك تىلىغا (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان.

«مايترى سىمىت»نىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى مەسىلىسىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ پەرقلىنىدىغان كۆزقاراشلىرى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، فون لېكوك (A.V.Lecq) 8-9-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دىسە،گاباىن خانىم«مايترى سىمىت»نىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىنىڭ 9-ئەسىرگە توغراكېلىدىغانلىقىنى تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنىڭ بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ. فىرانسىيە ئالىمى بۇ قولىيازما خېشى دۇنخۇڭدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇملىرىنىڭ خەت نۇسخىسىغا

ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇئەسەر 10-ئەسىرگە ئائىت بولۇشى مۇمكىن دىگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە پىلىڭ جىياشىڭ ئەپەندى بۇ ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت 10-ئەسىرلەر بولسا كېرەك دەيدۇ.

1970-يىلى تۈركىيە ئالىمى شىناسى تېكىن «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى خەۋەرلىرى» نىڭ 16-سانىدا ئېلان قىلغان «مايترى سىمىت كىتابىنىڭ پۈتكەن دەۋرى توغرىسىدا» دىگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ بۇ ئەسەرنى 8-9-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ ھىساپلىدى. گېڭ شىمىن مىلادى 8-9-ئەسىرلەردىلا قاراشەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ بولغانلىقى شۇڭا تەرجىمىنىڭ ئەڭ كىچىككەن ۋاقتىتمۇ 8--9ئەسىر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىغان. بۇ ئەسەرنى نەشرىگە تەييارلىغان مۇتەخەسسىسلەردىن ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا ۋە دولقۇن قەمبىرىلەر 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان دىگەن پىكىرنى ياقلايدۇ.

بۇ دۆلەت ئىچىدىكى كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى «مايترى سىمىت» ئەسلىدە 27پەردىلىك بۇددا سەھنە ئەسىرى، ئۇنىڭ قۇمۇلدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما نۇسخىسىدا 26-27پەردىلەركەم ئەمما ئەسلى نۇسخىسىغا قارىغاندا يۇكۈنچ بولۇم (يەنى مۇقەددىمە قىسمى) ئارتۇق بولۇپ، ساقلىنىش جەھەتتە باشقا نۇسخىلارغا قارىغاندا خېلىلا تولۇق دىيىشكە بولىدۇ.

قۇمۇل نۇسخىسىدىن باشقا يەنە «مايترى سىمىت» قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئالتە خىل نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىككىسى مۇرتۇقتىن، ئىككىسى سىڭگىمدىن تېپىلغان،قالغان ئىككىسىنىڭ قەيەردىن تېپىلغانلىقى نامەلۇم.

گابائىن خانىم(A.V.Gbain) 1956-يىلى ۋە 1961-يىلى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئايرىم ئايرىم ھالدا مايىنتىس(Mainz) پەنلەر ئاكادىمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان 113 ۋاراقنىڭ، بېرلىن پەنلەر ئاكادىمىسىدە ساقلىنىۋاتقان 114 ۋاراقنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە توخرىچە شۇرچۇق نۇسخىسىنى گېرمانىيىلىك ئې.سىيىك ۋە سىيېكىڭلار تەتقىق قىلدى. تۈركچە سىڭگىم نۇسخىسىنى گابائىن ۋە شىناسى تېكىنلەر تەتقىق قىلدى. قۇمۇل نۇسخىسىنى ئەڭ دەسلەپ فېڭ جىيا شىڭ ئەپەندى تەتقىق قىلغان بولۇپ ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن لى جىڭۋېي، ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقەييۇم خوجا ۋە گېڭ شىمىنلەر بۇ تەتقىقاتلارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. توخرىچە شىكشىن نۇسخىسىنى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سانسكرىت تىلى ۋە مەدەنىيىتى مۇتەخەسسىسى جىشيەنلىن ئەپەندى يېشىپ ئوقۇپ ۋە تەتقىق قىلىپ ئېلىمىزنىڭ توخرى تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا خوتەن رايۇنىدىنمۇ «مايترى سىمىت»نىڭ ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان قىسمەن پارچىلىرى تېپىلغان. بۇلاردا جەمئىي 224قۇر خەت بار

بولۇپ . ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» بىلەن ئورتاق مەنبەدىن كەلگەنلىكى يەنى سانسكرىتچە نۇسخىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ئېنىقلانغان.[1]

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ رايۇنىدىمۇ تىبەتچە نۇسخىسى، شىمالى ئارىيان نۇسخىسى ۋە سانسكرىتچە نۇسخىلىرى بار ئىكەن[2]

«مايترى سىمىت» نىڭ بۇنداق كەڭ تارقىلىشى ئەلۋەتتە بۇددا دىنىدىكى كەلگۈسى قۇتقازغۇچ ئىلاھ مايترىغا بولغان ئېتىقادتىن كەلگەن. مايترى ئېتىقادچىلىقى قۇتقازغۇچى خۇدا ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ. جى شيەنلىن ئەپەندى مايترى ئىتىقادى بىلەن قۇتقازغۇچى ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسىنى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن ئەمما، ئىران بىلەن زىچ باغلىنىشلىق دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھىندى-ياۋرۇپا تىللىرىغا بولغان مۇكەممەل بىلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتىرىياللارغا تايىنىپ تۇرۇپ مايترى بىلەن قەدىمقى ئىرانلىقلارنى مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا»دىكى Mithra نى مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ. Mithra قەدىمقى ئىران ئەپسانىلىرىدىكى ئاھۇرمازدا ۋە ئاناھىتا لار بىلەن بىرلىكتە ئۈچ چوڭ ئىلاھ دەپ قارىلىدۇ.Mithra يورۇقلۇق ئىلاھى بولۇپ، يورۇقلۇق ئىلاھى بىلەن قۇتقازغۇچى خۇدا ئىدىيىسىنىڭ بىرلىكىنى جى شيەنلىن ئەپەندى مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ ئېلىشىپ ئاخىرىدا يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىدەك ئەقىدىسى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ. ئۇيەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مايترىغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق قۇتقازغۇچى خۇدا خۇدا ئىدىيىسىنىڭ گىرىك ۋە رىم ئارقىلىق غەرپكە تارقىلىپ يەھۇدى ۋە خىرىستىئان دىنلىرىدىكى قۇتقۇزغۇچى مەسىھ چۈشەنچىسىگە ئىدىيۋى مەنبە بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[3]

ياخشىلىق ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ دەيدىغان ئىدىيە بىلەن قۇتقۇزغۇچى خۇدا ئىدىيىسى زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ بۇنداق ئىدىيە مەلۇم دىنغا باغلىق بولمىغان ھالەتتىمۇ ئىنتايىن زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا قۇتقۇزغۇچى خۇدا ئىدىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئەمما بۇنداق چۈشەنچە ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدە غايىپ بولغان ئىمام _ ئىمام مەھدى چۈشەنچىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «مەھدى» دىگەن بۇ ئەرەپچە سۆزنىڭ مەنىسى «يىتەكچىگە ئىگە بولغۇچى»، «توغرا يولغا باشلىغۇچى» دىگەنلىك بولۇپ، كېيىن ئاللانىڭ يىتەكچىلىكىگە ئىگە بولغان ھەم دۇنيادىكى كىشىلەرگە يىتەكچىلىك قىلىدىغان داھىي دىگەن مەنىگە ئۆزگىرىپ «قۇتقۇزغۇچى» دىگەن مەنىگىمۇ ئىگە بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە مەھدىنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيە پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: دۇنيا زوراۋانلىق ۋە زورلۇق

---

[1] 《新疆考古三十年》【M】, 新疆人民出版社，1983 年 508 页

[2] 黎蔷：《中国最早佛教戏曲<弥勒回见记>考论》【j】中华戏曲 1999 年 00 期

[3] 季羡林：《季羡林文集》（11），《吐火罗文“弥勒会见记”译释》 [M] • 江西教育出版社 • 1996 年 • 第 51 页

بىلەن تولغاندا ئىمام مەھدى دۇنياغا ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى ئىمام مەھدى ۋە ئۇ تالىلىغان كىشىلەر دۇنيادا پەيدا بولۇپ، زوراۋانلىق ۋە يامانلىقنى جاالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ھەققانىيەت ۋە باراۋەرلىك بىلەن تولارمىش[①]

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا مايترى ئېتىقادى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەر_«مايترى سىمىت»نىڭ دۇنياغا كەڭ تارقىلىشى بۇنداق ئىدىيەنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساسى بار قۇتقازغۇچى خۇدا ئىدىيىسىنىڭ بۇددا دىنى تارقالغان رايۇنلارغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغانلىقى ۋە مەنىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

2-2. «مايترى سىمىت» نىڭ مەزمۇنى

قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىلاردىكى «مايترى سىمىت» توخرىچە نۇسخىلاردا « Maitreyasamiti» دەپ يېزىلىدۇ خەنزۇچىدا «弥勒会见记 《弥勒三弥底经》 دىگەن ناملار بويىچە تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇيەردىكى «Maitreya» كىشى ئىسمى بولۇپ «رەھىمدىل» دىگەن مەنىدە، «samiti» دىگەن سۆز «كۆرۈشۈش»، «كۆرۈشكەنلىكى» دىگەن مەنىلەردە بولۇپ بۇ ئىككى سۆز بىرلەشسە«مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى» دىگەنلىك بولىدۇ بۇددىزىم تەلىماتلىرىدا چۈشەندۈرىلىشىچە، بۇددا (مەنىسى كاملىلىققا يەتكۈچى، ساكيامۇنى) نىرۋانا (بۇددىزىمدىكى ئەڭ يۇكسەك مەنىۋى مەنزىل)غا كىتىش ۋاقتىدا قىلغان ۋەسىيىتىدە مايترىنىڭ كەلگۈسىدە بۇددا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانمىش. تارىخى خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە تارىم ۋادىسىدىكى كۇچار، قاراشەھەر قاتارلىق قەدىمقى يۇرتلاردا ياشىغان كىشىلەر مايترىغا چوقۇنغان. بۇ شۇ جايلاردىكى مىڭئۆي رەسىملىرىدە ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. جىشيەنلىن ئەپەندىنىڭ «مايترى ئىتىقادىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى» دىگەن ماقالىسىدا مىڭئۆي رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلىكلەر بىلەن «مايترى سىمىت»نىڭ ۋەقەلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتكەن[②]

بۇ دۆلەت ئىچىدىكى كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى «مايترى سىمىت» ئەسلىدە 27پەردىلىك بۇددا سەھنە ئەسىرى، ئۇنىڭ قۇمۇلدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما نۇسخىسىدا 26-27پەردىلەركەم ئەمما ئەسلى

①ئابدۇللاجان كىرەم تۈزگەن: «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»،[M] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 22-بەت

② 季羡林：《弥勒信仰在新疆的传布》[j] 《文史哲》，2001 年 第一期

نۇسخىسىغا قارىغاندا يۇكۇنچ بولۇم (يەنى مۇقەددىمە قىسمى) ئارتۇق بولۇپ، ساقلىنىش جەھەتتە باشقا نۇسخىلارغا قارىغاندا خېلىلا تولۇق دېيىشكە بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى مايترى سىمىتنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى ساقلىنىش جەھەتتە گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن نۇسخىلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەن بولۇپ بىر يۇكۇنچ بۆلۈم(مۇقەددىمە)ۋە 25ئاساسى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان.

بۇ ئەسەردە ئەدەبى ئەسەرلەرگە خاس ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى، سيوژىت تەرەققىياتى ۋە ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان تىل ۋە ئۇسلۇبتىكىلىك ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىدىكى قۇتقازغۇچى ئىلاھ ساكيامۇنىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇنلىغان ئىش پائالىيەتلىرى مەدھىيلەنگەن ۋە ساكيامۇنىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىز باسارى بۇددىستلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇرخان مايترىنىڭ بىشارەت بېرىلگەن ئىلاھلىق خىسلەتلىرى ھەم بۇددا دىنىنى ئەقىدىسىدىكى خەلقنىڭ ئۈلارغا بولغان ئىززەت-ھۆرمىتى، چەكسىز سېغىنىش ۋە چوقۇنۇشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بۇددا دىنىدا چوڭ ئىككى مەزھەپ بار بولۇپ، بىرسى ھىنايانا، ئىككىنچىسى، ماھايانا دەپ ئاتىلىدۇ. ھىنايانا مەزھىپى «ھەممە مەۋجۇت» دىگەن ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلسا، ماھايانا مەزھىپى يوقلۇق چۈشەنچىسىنى ياقلايدۇ. «مايترى سىمىت» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ھىنايانا مەزھىپىنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئەقىدىلىرى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ ھەربىر بۆلۈمنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن: 2-بۆلۈم مۇنداق باشلىنىدۇ:

1.namo bot namo daram namo saŋ
2.ɛmti bu nomluɣ sawaɣ badari brama-
3.niŋ ɛwintɛ uqmiʃ kɛrgɛk (2 1a 1~3)

مەنىسى:

1. نامو بۇت نامو دارام نامو ساڭ
2. ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى بادارى برامان
3.نىڭ ئۆيىدىن ئۇقۇش كىرەك،

ھەممە بۆلۈملەرنىڭ باشلىنىشى مۇشۇنداق بولۇپ ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلىپ ئاندىن ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. شۇنداقلا ئەسەردە ئەدەبى ئەسەرگە تەئەللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى تولۇق قوللىنىلىش بىلەن بىرگە، قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىنى بەدىئىي كۇچىنى جارى قىلدۇرۇپ پېرسۇناژ ۋەقە، ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىق تەرەپلەرنى جانلىق ئوبرازلىق سۆرەتلەپ بەرگەن.

ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا، كىرىش سۆز تەرىقىسىدە قۇتقازغۇچى خۇدا بۇرخان ساكيامۇنىنىڭ ئىلاھى كارامەتلىرى، جانلىقلار ئۈچۈن قىلىدىغان ياخشىلىقلىرى

مەدھىيلەنگەن. يۈكۈنچ («چوقۇنۇش»،«باش ئۇرۇش دىگەن مەنىلەردە») بۆلۈمىدە «مايترى سىمىت»نى كۆچۈرۈپ تۈزگەن چۇ تاش يىپگەننىڭ بۇددا دىنى ئېتىقادى، نوم تۈزگۈچى ئۇستازلارغا ھەم تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان-ساكيامۇنىغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت-ساداقىتى سۆزلىنىدۇ. ۋە ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنىدا ساكيامۇنى بىلەن مايترىنىڭ ماگىت ئېلىنىڭ پاساك تېغىدا ئۇچراشقانلىقى مەدھىيلىنىدۇ.

«مايترى سىمىت» نامىلىق بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدا دىيىلگەندەك، بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان ۋە شۇل خۇسۇستىكى بۇددالارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى، ئەقىل-پاراسەتلىرى، ئىلاھلىق كارامەتلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئېچىپ بېرىلگەن. گەرچە ئەسلى ئەسەرنىڭ بىر قىسىم ۋاراقلىرى يوقالغان، بىر قىسىم خەتلىرى ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنى مۆلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز قىسمى ھىكايە سۆزلەش ئارقىلىق، تەڭرى بۇرخاننىڭ بۇددا بولغاندىن كېيىنكى ئىلاھلىق خىسلەتلىرى قىزىقارلىق ۋەقەلەر، تەمسىللەر ئارقىلىق ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: تەڭرى تەڭرىسى قۇتقازغۇچى بۇرخاننىڭ جانلىقلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى، كۆيۈنۈشى، كىشىلەردىكى مەغرۇرلۇق، ئاچكۆزلۈك، ئاداۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئالدىراڭغۇلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرگە ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە تۈرلۈك كارامەتلىرى ئارقىلىق تەربىيە قىلغانلىقى، ئۇنىڭ بىلىملىك، بىلىمسىزلىكلەرنى ئىنىق ئايرىپ، تەكەببۇرچى،تەمەنناچىلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى ۋاقتىدا ئىنىق ئايرىپ، ئۆزىنىڭ شانۇ-شەۋكەت پەزىلىتىنى نامايەن قىلغانلىقى، ھىجران ئوتى تۇتاشقانلارنىڭ ئاچچىق ھەسرىتىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت ياغدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قابىل ياردەمچىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلارنى ھىجران ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرغانلىقى، كىشىلەرنى داۋالاش، ئۇلارنى ياخشى ئىش ياخشى ئەمەللەرگە ئۈندەش، قاراڭغۇ تۈندە قايمۇققان جانلىقلارغا كۈن تەڭرىگە ئوخشاش يورۇقلۇق چېچىش، پاسكىنا نەرسىلەردىن يىرگىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، پاكىزلىق يورۇقلۇقنى تەشەببۇس قىلىش، ئازغىنە سەدىقە ئورۇقنى چاچسا سان-ساناقسىز ھوسۇل ئالىدىغانلىقى بۇنىڭدىن ئىنسانلاردا خوشاللىق، باتۇرلۇق، شانۇ-شەۋكەت، كۈچ-قۇدرەتنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش قىسىملىرىدا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان-ساكيامۇنى ئاساسلىق پېرسۇناژ سۈپىتىدە ئۇنىڭ بارلىق ياخشى ئىش پائالىيەتلىرى قىسقا-قىسقا مىساللار بىلەن مۇنداق شەرھىلىنىدۇ: تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ساكيامۇنى ئاداس شەھىرىدىكى بىر بەگنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن يولۋاس قىياپىتىگە كىرىپ ئۇنى قورقىتىپ قۇتقۇلدۇرىدۇ. يەنە بىرقىسىم خاتا كۆز قارشتىكى دىندارلارنى يامان يولدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئار-نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ يالىڭاچ چوپان قىياپىتىدە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. تۇغۇت ئالدىدىكى ئېغىر ئاياغ ئايالنى تۇغۇت ئانىسى قىياپىتىگە

كىرىپ تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. تەكەببۇر ئاياللارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى بېسىش ئۈچۈن مەلىكىلەر قىياپىتىگە كىرىپ يىپ ئىگىرىدۇ. پۇسكاراسارى ئىسىملىك پادىشاھنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى يىمىرىش ئۈچۈن راھىپ قىياپىتىگە كىرىدۇ. بىراھمان ئوغلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاي تەڭرى قىياپىتىگە كىرىپ قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. يەنە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئۆزىنىڭ چەكسىز ئەقىل پاراستى بىلەن جانلىقلارغا پايدا- مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئويلاپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى ئېنىق بىلىدۇ. قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك جانلىقلارنى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن ئىنىق ئايرىپ چىقىدۇ. دىمەك تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ياخشى ئىش ياخشى ئەمەللىرىنى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا كۆپلەپ ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئەسەردە يەنە بىر باي ئۆزمەلىكىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ، باش كۆزى يېرىلغان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ئەرز- شىكايەت قىلغىلى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ قېشىغا بارىدۇ. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى زەھەرلىك يىلان پەيدا قىلىدۇ. ھېلىقى كىشى «بۇ يىلانلارنىڭ ئەپتى-بەشرى نىمانداق سەت؟ ئۇ ئاخىر چۈشەندى، بۇ يىلانلار زەھەردىن پەيدا بولغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ بەتنەشىرە قىياپىتى ئادەمنى يىرگەندۈرىدۇ. ئادەمنىڭ زەھرى قاينىسا غەزەپ بولىدۇ. غەزەپ ئادەمدە ھەرخىل ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ»، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ غەزىپى ياندى. ساكيامۇنى بۇ يەردە ئاچچىقلىنىشقا زەھەردىن تۇرەلگەن يىلاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش تەمسىلى بىلەن ساۋاق بىرىدۇ. ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئەسەرنىڭ يۈكۈنچ بۆلۈمىدە قوچۇ خانىدانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان چۇ تاش يىگەن بۇ ئەسەرنى كۆچۈرۈتكۈزۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان چىن ئىخلاسىنى، قۇتقازغۇچى خۇدا بۇرخانغا بولغان چەكسىز ئېتىقادىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە قەدىمقى ھىندىستان، كۇسەن، سۇلمى قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئاتاقلىق بۇددىست ئۇستازلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن، ھەمدە بۇ ئەسەرنى كۆچۈرگۈزۈشنىڭ ساۋابىنى خان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا، خوتۇن، بالا-چاقىلىرىغا بېغىشلايدىغانلىقى ۋەئۇنىڭ ياخشى- تىلەكلىرى_دۆلەت ۋە خەلقنىڭ روناق تېپىشىغا بولغان ئاررزۇ-ئارمانلىرى ئەسەرگە سىڭدۇرىۋېتىلگەن. ئەسەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مايترىنىڭ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ساكيامۇنى بىلەن ئۇچرىششى بولۇپ، باشقا ۋەقەرلەر بولسا بۇ ئۇچرىششنىڭ ئالدى-كەينىدىكى جەريانى ۋە ئەھمىيتى، بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى، خەلقنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادى، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بىلەن مايترىنىڭ خاسيەتلىك ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋەقەلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ بىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ

3-2.«مايترى سىمىت» نىڭ خاراكترى ۋە ژانىر ئۇسلۇبى

«مايترى سىمىت» تەرجىمە ئەسەرمۇ ياكى ئىجادى ئەسەرمۇ؟

«مايترى سىمىت»نىڭ توخرىچە ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئەنەتكەك (سانسكرىت) نۇسخىسىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخا بىۋاستە سانسكرىت نۇسخىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنمىغان. شۇڭا ۋاقىت تەرتىپى بۇيىچە ئالدى بىلەن سانسكرىتچە نۇسخا ئۇنىڭدىن كېيىن توخرىچىسى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن. گەرچە ھازىرغىچە ئەسلى مەنبە ھىساپلانغان سانسكرىت نۇسخىسى تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا ئارياچانترى سانسكرىت نۇسخىسى ئاساسىدا توخرى تىلىدا قايتا ئىجاد قىلغان(yaratmɪʃ). پىرتانىراكشىت توخرىچە نۇسخىسىنى قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان(ɛvirmiʃ). بىزدە ھازىر سانسكرىت نۇسخىسىدىكى «مايترى سىمىت» بولمىغاچقا، توخرىچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ۋە بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىجاد قىلىشنىڭ سالمىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق ئىش قوشۇپ، قانداق ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ ئىشلىگەنلىكىنى بىلىشقا ئامالسىزمىز. ئەمما توخرىچە بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ھەر ئىككىسى قولىمىزدا بولغانلىقتىن بۇلارنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ «تەرجىمە» دە ئەسلى مەنبە بولغان توخرىچىسى بىلەن قانچىلىك ئوخشايدىغانلىقىنى ۋە پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. گەرچە «تەرجىمە» دېيىلگەن بولسىمۇ بۇ ئىككى نۇسخا ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بەزى پەرقلىق تەرەپلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: توخرىچە نۇسخىسىدا «Nataka» دىگەن سۆز بار، بۇ «سەھنە ئەسىرى» دىگەن مەنىدە بولۇپ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا بۇ سۆز چىقىرىۋېتىلگەن. ئەسەرنىڭ ئىچىدىنمۇ توخرىچىسىدا بار بولغان، مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرقىسىم سۆزلەر قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا كۆرۈلمەيدۇ. ئەسەر ئارىلىقىدا تەڭكەش قىلىنىدىغان كۈيلەر قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا تىلغا ئېلىنمىغان. شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇرچە مەزمۇن جەھەتتە ئەسلى ئەسەر بىلەن ئوخشىشىدىغان، ئۇسلۇب جەھەتتە پەرقلىنىدىغان ئەسەرگە ئايلانغان. بۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت»نىڭ ژانىر ئۇسلۇبى ھەققىدە بەزى ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان.

جى شيەنلىن ئەپەندى توخرى تىلىدىكى «مايترى سىمىت»نىڭ A نۇسخىسىنى (قارا شەھەر نۇسخىسىنى) تەتقىق قىلىپ: «مەزكۇر ئەسەرنىڭ تولۇق ماۋزۇسى < Maitreya Samiti Nataka> بولۇپ <Nataka> دىگەن سۆز سانسكرىتچە سۆز بولۇپ ئۇنىڭ مەنىسى <درما> دىگەنلىكتۇر» دەيدۇ. ئۇ يەنە تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇپ: «ئۆزىنىڭ ئىسمى دراما تۇرسا يەنە <پەردە> دىگەندەك كەسپى

سۆزلەر ئىشلىتىلگەن تۇرسا ئۇ درما بولماي نىمە بولىدۇ» دەيدۇ. [1] دىمەك، «مايترى سمىت»نىڭ توخرىچە نۇسخىسىنىڭ درما ئىكەنلىكى ئىنىق. ئۇنداقتا، قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسچۇ؟ بۇ ھەققە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ بەزىلەر ئۇنى سەھنە ئەسىرى دەپ قارىسا، بەزىلەر سەھنە ئەسرى ئەمەس ئۇ بىرخىل باياني ئۇسلۇپتىكى مەدداھلىق ئەسىرىدۇر دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى سەھنە ئەسىرىنىڭ ئۇندۇرمىسى بولۇپ ئۆتكۈنچى ژانىردۇر دەپ قارايدۇ.

ئىسراپىل يۇسۇپ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سمىت» نىڭ توخرى تىلدىكى سەھنە ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى، قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ ھەربىر بۆلۈمىنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنىنىڭ كۆرستىپ بىرىلگەنلىكىنى، مەزمۇننى كونكرىت ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق كۆرستىلگەنلىكى، ئەسەرنىڭ نامىنىڭ«مايترى سمىت سۇتراسى» دەپ يېزىلماي، « مايترى سمىت نوم بىتىگى » دەپ يېزىلغانلىقى (نوم بىتىگ_ نوم پۈتۈك، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىكايە سۆزلەش ئارقىلىق دىن تەرغىپ قىلىنىدىغان ئەسەر دىگەن مەنىدە) ۋە بۇ ئەسەردە كۆرۈنۈچ (كۆرۈنۈش) سۆزىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سمىت» نىڭمۇ سەھنە ئەسرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ [2]

گابائىن خانىم «مايترى سمىت»نى قەدىمقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېڭى كۈن (yangï kün) دەپ ئاتالغان مايترى بايرىمىدا بۇددا مۇخلىسلىرى ئوينايدىغان بىر سەھنە ئەسىرىدۇر دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇ بايرامنىڭ يېڭى يىل بىلەن ئوخشاش بىر ۋاقتتىنى كۆرستىدىغانلىقى ھەققدە ھازىرچە ئىنىق بىر نەرسە دىگىلى بولمىسىمۇ ئەمما شۇ نەرسە ئىنىقكى بۇ بايرام مايتىرىنىڭ كەلگۈسى بۇرخانغا ئايلانغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان بايرامدۇر. گابائىن خانىم 1961-يىلى ئىلان قىلغان «قۇچۇ خانلىقى (850-1250)» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ. «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سمىت دراما سەنئىتىنىڭ بىخلىنىشىدۇر. ئادەتتە ھەريىلى بىرىنچى ئاينىڭ 15-كۈنى بۇددا مۇخلىسلىرى مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلغاندا، ئۇلار تۇۋە-ئىستىغپارقىلىشىپ، ئىبادەتخانىلارغا نەزر-چىراق قىلىپ، تۇرلۈك دىنىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، كەچ كىرگەندە ھىكايە ئاڭلايدۇ،رەسىم كۆرىدۇ ياكى باشقىلار ئورۇندىغان مايترى سمىتتەك بۇددا ئەسەرلىرىدىن بەھىر ئالىدۇ.»

ئامىرىكا ئالىمى V.Mair ئۆزىنىڭ «رەسساملىق ۋە ئارتىسلىق» (خەنزۇچە 《绘画与表演》، ئىنگلىزچە 《Painting and Performance》) دىگەن كىتابىنىڭ(بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «جۇڭگودا رەسىمگە قاراپ ھىكايە سۆزلەش

[1] 季羡林 《谈新疆博物馆藏吐火罗 A 弥勒会见记剧本》[j] 《文物》1983 年 1 月

[2] ئىسراپىل يۇسۇپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى: «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سمىت» (1)، [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل، 6-بەت

ۋە ئۇنىڭ ھىندى مەنبەسى») ئىككىنچى بابىدا «مايتىرى سىمىت»نىڭ ژانىرى ھەققىدە خېلى جىق توختالغان بولۇپ ئۇ «مايتىرى سىمىت»نى بىرخىل رەسىمگە قاراپ ھېكايە سۆزلەش تىپىدىكى ئەسەر دەپ قارىغان.[1]

گېڭ شىمىن ئەپەندى دەسلەپتە «مايتىرى سىمىت» نى سەھنە ئەسىرى دەپ قارىغان بولسىمۇ كېيىنچە ئۇنى سەھنە ئەسىرى ئەمەس مەدداھلىق ۋە ئېيتىشىش خاراكتىرىنى ئالغان ئەسەر دەپ قارايدۇ. ئۇ 1981-يىلى ئېلان قىلغان «قەدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىمغا ئائىت ئېپتىدائىي درامىسى < مايتىرى سىمىت > ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدا ئۇنى سەھنە ئەسىرى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن[2] بولسىمۇ ئۇ كېيىن بۇ ئەسەرنى مەدداھلىق ۋە ئېيتىشىش خاراكتىرىدىكى ئەسەر دېگەن قاراشقا كەلگەن[3]

ئومۇمەن، «مايتىرى سىمىت»نىڭ ژانىر تەۋەلىكىگە نىسبەتەن مۇشۇ ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا بەزى ئىختىلاپلار بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىكى سەھنە ئەسەرلىرىدە بولىدىغان خۇسۇسىيەت پەقەت يوق دەپ قارىمايدۇ. بۇ پەقەت بۇ ژانىرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ژانىر بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ئۈستىدىكى تالاش-تارتىش بولۇپ، ئۇنىڭدا سەھنە ئەسىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت ئەمەس دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە بۇنداق ئىختىلاپ ۋە پەرقلىق يەكۈنلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىزنىڭ بۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى درامىدىن ئىبارەت بۇ ژانىرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

مېنىڭچە، «مايتىرى سىمىت» تەرجىمىسىدىكى مەزمۇن جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، ئۇسلۇب جەھەتتىكى پەرقىنىڭ كۆرۈلۈشىگە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن قوبۇل قىلىش ئېڭى چۈشىنىش ئادىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق سەۋەب بولغان دېيىشكە بولىدۇ. «مايتىرى سىمىت» دىنىي ئەسەر بولغاچقا ئۇ دىنىي مۇراسىم پائالىيەتلەردە ئورۇنلىنىدۇ. بۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن گابائىن خانىمنىڭ سۆزىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دىنىي مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەر ئومۇمەن شۇ دىنغا ئىشەنگۈچى قەۋم مىللەتلەردە ئوخشاشراق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلسىمۇ ئەمما كونكرېت تەبىئىي مۇھىت، ئۆرپ-ئادەت ۋە مىللىي تۇرمۇشتىكى بەزى پەرق تۈپەيلىدىن بۇنداق مۇراسىم پائالىيەتلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە يەرلىكلىشىدۇ. «مايتىرى سىمىت» قا ئوخشاش بۇنداق دىنىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئورۇنلىنىدىغان ئەسەرنىڭ

①梅维恒(美): 绘画与表演--中国的看图讲故事和它的印度起源. [M] 北京燕山出版社

②耿世民:《古代维吾尔佛教原是剧本<弥勒回见记>研究》[j] 《文史》,1981 年 12 辑

③耿世民:回鹘文哈密本《弥勒会见记》研究 [M] 中央民族大学出版社,2008 年 617 页

ئۇسلۇبى ھەم شەكلىنى شۇ خىل ئادەتكە ماسلاشتۇرۇش زۆرۈر. شۇڭا تەرجىمە قىلغۇچى يەرلىكنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر جەھەتتىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى ئوخشىمىغاچقا تەپەككۇر ئۇسۇلىدىمۇ پەرقلەر بولىدۇ. ژانىرلارغا قويىدىغان تەلپىدىمۇ ئوخشىمىغان ئەدەبىيات چۈشەنچىسى ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى، ئارۇز ۋەزنى پۈتۈن ئەرەب، پارس، تۈرك شېئىرىيىتىگە ئورتاق ۋەزىن تۈرى بولسىمۇ ئەمما كونكرېت تەدبىقلاش جەھەتتە بۆلەر ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەرنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش «دراما» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ژانىرنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى تەدبىقلىنىشى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. ھەتتا بۇنىڭ ئىسمىلىرى باشقا باشقا شەكىلدە ئېلىنىشى مۇمكىن. مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئالىم جى شيەنلىن ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بەرگەن:

«بىز ئالدىقاچان جۇڭگونىڭ سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىگە، شېكسپىر، موللىر قاتارلىقلارنىڭ دىراملىرىغا كۆنۈپ قېلىپ، بۇلارغا ئازراق ئوخشىمىسىلا دراما ئەمەسكەن دەپ تونۇيدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ بىر بىتەرەپلىمىلىكتۇر. دۇنيا شۇنچىلىك كەڭ، ئۇلۇس-مىللەتلەر شۇنچىلىك كۆپ، تارىخ شۇنچىلىك ئۇزۇن زېمىن-چېگرالار شۇنچىلىك بىپايان تۇرسا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ بىرلا خىل ئىمكانىيىتى ۋە بىرلا خىل شەكلى بولمايدۇ. كۆپ خىللىق بىرخىل مۇقەررەرلىك شۇنداقلا تەبىئىيلىك. سەھنە ئەسەرلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.[①] »

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، «مايترى سىمىت» تا سەھنە ئەسەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئورتاق تەرەپتۇر. شۇڭا بۇ ئەسەر دىراماتورگىيە تارىخىمىزدا مەڭگۈلۈك ئورۇن، ئۆچمەس قىممەتكە ئىگە.

2-4. «مايترى سىمىت»نىڭ تىلى

قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى مەڭگۈ تاشلاردا قوللىنىلغان تىلنىڭ (قەدىمقى تۈرك تىلىنىڭ) داۋامى ۋە راۋاجى، كېيىنكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسى، ئەمما بۇ ئاددى ھالدىكى زامان جەھەتتە بۆلۈنىشدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچىشى ۋە چوڭ قوشۇلىشى تۈپەيلىدىن كەڭ ئوتتۇرا ۋە غەربى ئاسىيا رايونلىرىدا قارلۇق، ئوغۇز، قىپچاق... قاتارلىق نۇرغۇن تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋم قەبىلىلەر ياشايتتى. گەرچە قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى شۇۋاقىتتا خېلى ئۇزۇن مەزگىل ھەرقايسى تۈركى تىلدا

①季羡林：吐火罗文和回鹘文本《弥勒会见记》性质浅议 [J] 北京大学学报，1992 年 2 期

سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشىدەك رايۇن پەرقلىرى، داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدەك دەۋر پەرقلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا تۈركولوگلار قەدىمقى تۈرك تىلىنى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قىممەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز بۇ قىسىمدا «مايتىرى سىمىت»نىڭ تىلىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىدىكى قايسى دىئالىكتلارغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمىز.

شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلىغا نىسبەتەن بىرىنچى بولۇپ كىلاسسىفىكاتسىيە ئېلىپ بارغان ئالىم روس ئالىمى رادلوفتور. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل توپلىغان زور مىقداردىكى تىل ماتىرىياللىرى ئاساسىدا قەدىمقى تۈركى تىللارنى ئۈچ دىئالىكتقا ئايرىغان: (1) شىمالى دىئالىكت ،(2)جەنۇبى دىئالىكت (3) ئارىلاش دىئالىكت. ئۇ يەنە ئارالاش دىئالىكتنى شەرقى ۋە غەربى ئىككى تارماققا بۆلگەن.

شىمالى دىئالىكتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئاخىرى ياكى ئوتتۇرىسى nياكىŋ بىلەن كەلگەن سۆزلەردە سۆز بېشىدا b كېلىدۇ. مەسىلەن: bɛn(مەن)، bunı (بۇنى)، baŋa (مەڭگۇ)، bıŋ (مىڭ). مەڭگۇ تاشلارنىڭ تىلى مۇشۇ دىئالىكتقا تەۋە بولۇپ تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشىدا بىرىنچى شەخس كىشىلىك ئالماشلىرى bɛn(مەن)، baŋa(ماڭا) دىگەن شەكىلدە كېلىدۇ. ئورۇن كىلىش بىلەن چىقىش كىلىش قۇشۇمچىسى ئايرىلمىغان بولۇپ، da/dɛ شەكىلدە كىلىدۇ. مەسىلەن: tɛŋridɛ(تەڭرىدىن) ،in/iŋ ئارقىلىق ئىگىلىك كىلىش قوشۇمچىسى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: qaɣaiŋ (قاغانىڭ)، بۇ دىئالىكتتا پېئىلنىڭ ئىككىچى شەخس بىرلىك، ئۆتكەن زامان شەكلى dıɣ/dig قۇشۇمچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

جەنۇبى دىئالىكتتا يۇقىرىقىلاردىن پەرقلىق ھالدا سۆز بېشىداm كېلىدۇ,miŋ دىگەندەك. چىقىش كىلىش قوشۇمچىلىرى ئۈچۈن ئايرىم مورفولوگىيىلىك شەكىل ھازىرلانغان. يەنى ,din/dın/tin/tın پېئىلنىڭ ئىككىچى شەخس بىرلىك، ئۆتكەن زامان شەكلى diŋ/dıŋ/tiŋ/tıŋ بولغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە ۋەسقىلەردە بۇ دىئالىكت كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

ئارىلاش دىئالىكتتا يۇقىرىقى ئىككى دىئالىكتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىرلىكتە ئۇچرايدۇ. بۇ دىئالىككتتا قالدۇرۇلغان ۋەسىقىلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ مانى يېزىقى بىلەن قالدۇرۇلغان يادىكارلىقلار، «قۇتادغۇبىلىك »نىڭ قاھىرە نۇسخىسى، «ئالتۇن يارۇق » قاتارلىقلارنىڭ تىلى مۇشۇ دىئالىكتقا تەۋەدۇر.

بۇخىل تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى بويىچە قارىغاندا، «مايتىرى سىمىت»نىڭ تىلى ئارىلاش دىئالىكتقا تەۋەدۇر. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

فونىتىكا جەھەتتە:

1. سۆزۈق تاۋۇشلار ئارىسىدىكى ۋە بوغۇم ئاخىرىسىدىكى «b»تاۋۇشى «v»غا ئۆزگەرگەن. (ئابىدىلەردە «b» كىلىدۇ) مەسىلەن:

Sub------suv (15 4a 8)

2. سۆزۈق تاۋۇشلار ئارىسىدىكى ۋە بوغۇم ئاخىرىسىدىكى «d» تاۋۇشى داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

adaq (پۇت) (13 5a 7)

3. سۆز بېشىدا كېلىدىغان «b»تاۋۇشى «m»غا ئۆزگىرىپ بولغان. ئابىدىلەردە «b»بىلەن«m»نىڭ ئالمىشىشى تۇراقسىز بولۇپ، تۇنيۇقۇق ئابىدىسىدە bɛn(مەن)، بىلگە قاغان ئابىسدە mɛn دىگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. ئەمما «مايتىرى سىمىت»تا «m» تاۋۇشى «b»نىڭ ئورنىنى ئېلىپ بولغان. ئەسەردە پۈتۈنلەي شەكىلدا ئۇچرايدۇ.

4. ʐ (ژ) تاۋۇشى قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىنىڭ فونىتىكىسىغا كىرىپ بولغان بولۇپ، «مايتىرى سىمىت»تا بۇنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ ئەمما ئابىدىلەردە بۇنداق تاۋۇش ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

aʐun (دۇنيا) (15 10b 21)

گىراماتىكا جەھەتتە،

1. چىقىش كىلىشىنىڭ مەخسۇس قوشۇمچىلىرى din/dın/tin/tın شەكىللىنىپ بولغان.
2. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى lar ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ ئىسىملارنىڭ كەينىگە nyg/kynقوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كۆپلۈك مەنە ئاڭلىتاتتى. ئەمما قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى ۋەسىقىلىرىدە lar ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان بولغان
3. شەرت پېئىل قوشۇمچىسى sar/sɛrدىكى r تاۋۇشى ئورغۇ تۇپەيلىدىن چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ بولغان.

گەرچە رادلوف تۇنجى بولۇپ قەدىمقى تۈرك تىللىرىنى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا مالوف قوشۇلمايدۇ. ئۇ« ئابىدىلەر قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىن بۇرۇن ،قەدىمقى ئۇيغۇرچە چاغاتايچىدىن بۇرۇن قوللىنىپ كىلىنگەن. ئۇلارنىڭ گەرچە مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئورتاق ئىشلىتىلگەن ۋاقىتلىرى بولغان بولسىمۇ ئەمما دەۋر جەھەتتە ئىلگىرى كېيىنلىك پەرقى بار بۇنداق تىل يېزىقلارنى بىر يەرگە ئەكىلىپ تۈرگە بۆلۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ قارايدۇ.

قەدىمقى تۈركى تىلللىرىنى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىشتا گابائىن خانىمنىڭ ئۇسۇلى خېلى كۆپ تۈركولوگلارنىڭ ئىتىراپ قىلىشىغا ئىرىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تۈرگە

بۆلۈش ئۆلچىمى بىر قەدەر ئاددى ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، «يامان»، «بۇزۇق» دىگەن مەنىلەردىكى «anɪɣ» دىگەن سۆزنى بەلگە قىلغان. يەنى، «anɪɣ» شەكلىدىكىسىنى n دىئالىكتى، «ayɪɣ»نى y دىئالىكتى دەپ ئاتىغان.[1]

تەتقىقاتچىلار «مايترى سىمىت»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىنى n دىئالىكتىغا تەۋە، ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان.[2] گېڭ شىمىن ئەپەندى: «بۇ ئەسەرنىڭ تىلى بىرقەدەر قەدىمى بولۇپ تىلى مانى دىنى مەزمۇنىدىكى ھۆججەتلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كىتىدۇ. سۇزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى يەنى، a/ɛنىڭ i/ɪغا ئاجىزلىشىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.»

1. گابائىن خانىمنىڭ تۇرگە بۆلۈش ئۆلچىمى بۇيىچە قارىغاندا بۇ ئەسەر yدىئالىكتىغا تەۋە بولۇشى كىرەك چۈنكى ئەسەردە ayɪɣ سۆزى خېلى كۆپ ئورۇندا ئۇچرايدۇ. ئەمما anɪɣ سۆزنى بىر يەردىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

ayɪɣ qɪlɪnɪʧ qɪltɪlar （15 3b 1）

مەنىسى: يامان ئىش قىلدىلەر

ayɪɣ jɪraq joltɪn ɛmgɛny kɛlmɪʃ mɛn （1 12b 7 ）

مەنىسى: ناھايىتى يىراق يولدىن مۇشەققەت تارتىپ كەلگەنمەن

ayɪɣda ayɪɣ ol ɛrrmiʃ （13 8b 8）

مەنىسى: بەك يامان بولىدىغىنى......

2. رەۋىشداش قوشۇنچىسى لار بولماستىن pan/ipan/ɪpan ئەمەس بەلكى p دۇر.

گابائىن خانىم رەۋىشداش قوشۇمچىسى pan/ipan/ɪpan نىڭ كۆرۈلۈشىنى yدىئالىكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسەتكەن. ئەسەردە p دىن ئىبارەت رەۋىشداش قوشۇمچىسى ئىنتايىن كۆپ كۆرۈلىدۇ.pan/ipan/ɪpan ئەمما لار قەتئىي كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن: ،

bɛlgyrtyp	（0 4a 4）	(قىياپىتىگە كىرىپ	
yorɪp	（0 4a 8 ）	(يۈرۈپ)	
adɪnɪp	（0 6a 20）	(ھەيران بولۇپ)	
mungadɪp	（0 6a 19）	(ئەجەپلىنىپ)	
bɪʧɪp	（0 6a 7)	（پىچىپ）	

[1] 冯・加班：《古代突厥语语法》[M]. 内蒙古教育出版社 2004
[2]耿世民：《维吾尔古代文献研究》[M]. 中央民族大学出版社 2003

3 . سۇئال ئۇلانمىسغا nدىئالىكتىدا ɛrki ، yدېئالىكتىدا ɛrintʃ ئىشلىتىلىدۇ. «مايترى سمىت»تا ɛrki سۆزى 87قېتىم ئىشلىتىلگەن، ɛrintʃ سۆزى بولسا پەقەت بىرلا قېتىم ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

tyzyn bolmaqɪ nɛ yaŋlaɣ ɛrki tɛp tɛsɛr （0 7b 20）

مەنىسى: تۈزۈن بولمىقى قانداق بولىدۇ دىسە

azˌunɪnta tuɣmɪʃ ɛrintʃ jarlɪɣ tɪnlɪɣlar （2 7b 2）

مەنىسى: .....ئازۇنىدا تۇغۇلغان بىچارە-دەردمەن جانلىقلار

4. ۋاستە كىلىش قوشۇمچىسى n دىئالىكتىدا -n ، yدېئالىكتىدا -n/-in/un/yn بولۇپ

«مايترى سمىت»تىكى ۋاستەكىلىش قوشۇمچىلىرى yدېئالىكتىنىڭكى بىلەن بىردەك.

مەسىلەن:

ɪduq ɛlkin ikig tutp （0 4a 23）

مەنىسى: مۇقەددەس قوللىرى بىلەن يىپ ئىگرىپ

az almɪr igin iglɛmiʃ æmgɛklig tɪnlaɣ larqa iginkɛ jaraʃi ɛm yryntɛg sudur （0 7b 2 ）

مەنىسى: (تاماگەرلىك) كىسىلى بىلەن ئاغرىغان جاپاكەش جانلىقلارنىڭ كىسىلىگە دورا-دەرمەكتەك داۋا بولىدىغان سۇدۇر

øwkɛ bilklig aɣun aɣuqmɪʃ tɪnlɪɣlarnɪŋ （0 7b 4）

مەنىسى: ئۆپكە-ئاداۋەت زەھىرى بىلەن زەھەرلەنگەن جانلىقلارنىڭ

tort tyrlyg kɛlkin niz-wanilaɣ qarɪmlrɪn tɛgriklɛmɪʃ （0 8a 12）

مەنىسى: كەلكۈن نىزۋانلىق خەندەكلەر بىلەن قورشالغان

yaratmɪʃ bɛʃ tyrlyg ørtyk nizwanilarɪn yapalmiʃ （0 8a 17）

مەنىسى: ياسالغان بەش تۈرلۈك يېپىچا نىزۋانلىرى بىلەن يېپىلغان

5.گابائىن خانىم كۆرستىپ ئۆتكەن n دىئالىكتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، -a/-ɛ

تاۋۇشلىرىنىڭ -i/-ɪغا ئاجىزلاشماسلىقىدۇر.ئاجىزلىشىش ئەھۋاللىرى تۈۋەندىكى مورفولوگىيىلىك شەكىللەردە بەكرەك ئىپادىلىنىدۇ.(1) پېئىلنىڭ ئۆتكەن شامان شەكلىنى ياسايدىغان قوشۇمچە-tim بولۇپ، -tam شەكلى قوللىنىلمىغان مەسىلەن:

yntim (1 7b 18) (چىقتىم)

keltim (3 1a 18) (كەلدىم)

tɛgintim(3 4a 23)(ئىرىشتىم)

itʃtim(19 2a 7) (ئىچتىم)

ɛmtim(10 2a 7) (ئەمدىم)

toɣɣaj ɛrtim (16 3b 2) (تۇغقۇلغان ئىدىم)

(2)«مايتري سىمت»تا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ1-2-شەخسلىك كۆپلۈك شەكلى ئۈچۈن-amaz/-aŋaz ئىشلىتىلمەي imiz/ iŋiz ئىشلىتىلگەن.

tɛrkɛnimiz （0 14a 23）（تەركەنىمىز）

inmiz kɛlinimiz （0 14b 1） （ئىنىمىز، كېلىنىمىز）

bɛgimiz （1 13a 11）（بېگىمىز）

siziklɛrriŋizni（2 6a 9）（گۇمانلىرىڭىزلارنى）

(3) رەۋىشداش قوشۇمچىسىغا -ap ئىشلىتىلمەي -ip/-ɪp-ئىشلىتىلگەن:

qorqıtıp （0 4a 1）（قورقىتىپ）

kirip （0 9a 22）（كىرىپ）

(4) پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تىلەك رايىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە -alım/-ɛlım بولۇپ، بۇ yدېئالېكتىغا خاس قوشۇمچىدۇر:

tosalım（0 14a 7）（ئۈچرىشايلى）

bolalım （1 1b 14 ）（بولايلى）

n.6 دىئالېكتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىدە un– شەكلىگە كىرىشىدۇر. ئەمما yدېئالېكتىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك يوق:

usnirin（2 5b 24）（ئۈسنىر بىلەن）

køŋlin （2 6a 1）（كۆڭۈل بىلەن）

øgdikin（0 8b 24）（مەدھىيىلەر بىلەن）

qadɣuluɣɪ （1 13b 21）（قايغۇ بىلەن）

7. «مايتري سىمت»تا چىقىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى -tın بولۇپ n دىئالېكتىدا چىقىش كېلىش بىلەن ئورۇن-پەيت كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى ئوخشاش تېخى ئايرىلمىغانىدى:

tøpydın （2 6a 7 ）（تۆپىدىن）

balıqtın （1 15b 5）（شەھەردىن）

uluʃtın（2 7b 9）（ئەلدىن）

qılıntʃtın（2 8a 30）（قىلمىشتىن）

8. «مايتري سىمت»تا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۈچۈن nıŋ ئىشلىتىلگەن. n دىئالېكتىدا بۇ ŋ ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى:

bramannıŋ （2 6b 5）（بىرامانىنىڭ）

anasınıŋ （0 4a 16）（ئانىسىنىڭ）

qatunlarnıŋ （0 6b 11）（خوتۇنلارنىڭ）

tataɣnıŋ（0 6a 22）（لەززەتنىڭ）

9. «مايترى سىمىت»تا پېئىلنىڭ ئىككىنچى شەخس ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ قوشۇمچىسى -tıŋ بولۇپ tıɣ شەكلى ئىشلىتىلمىگەن:

ajtıŋlar （2 6a 1）（ئېيتىڭــــــــلار）

altıŋ ɛrdi （4 9a 4）（ئالغان ئىدىڭ）

qılıtıŋ （13 10a 20）（قىلدىڭ）

tapıntıŋ （13 11b 13）（تېۋىندىڭ）

10.ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان «نامرات»، «يۇقسۇل» دىگەن مەنىدىكى«ʧɪɣanj» دىگەن سۆز «مايترى سىمىت»تا «ʧɪɣaj» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. (1 7b 20)، (3 4b 12) بۇمۇ.yدېئالېكتىدا ئۇچرايدىغان خۇسۇسىيەتتۇر.

بۇ ئەسەردە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، yدېئالېكتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە n دىئالېكتىنىڭ بىر قىسىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «مايترى سىمىت»تا چۈشۈم كېلىشىنىڭ -aɣ ۋە-iɣ/-ig شەكىلدىكى قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەر ئىككى خىلى ئارىلاش قوللىنىلغان:

sawıɣ （1 2a 15）（سۆزنى）

sawaɣ （3 4b 4）（سۆزنى）

bodisawataɣ （2 8b 16 ）（بۇدساتۋانى）

saqıntʃlaraɣ（2 8b 22）（ئويلارنى）

يۇقىرىقىلاردىن گابائىن خانىمنىڭ بۇخىل تونۇرگە بۆلۈش ئۆلچىمى بويىچە ئوخشاش بىر يازما يادىكارلىقنىڭ تىلىنى پەرقلەندۇرگەندە ئېغىش بولىدىغانلىقىنى، يەنە ھەر ئىككى دىئالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ تەڭلا كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا بىز پەقەت ئۇنىڭدا مەلۇم بىر دېئالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. دىيەلەيمىز. شۇڭا «مايترى سىمىت»نىڭ تىلىدا yدېئالېكتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن دەپ ئېيتالايمىز.

2-5. «مايترى سىمىت»نىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنى ۋە قىممىتى

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك «مايترى سىمىت» ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تۇنجى سەھنە ئەسىرى بولۇش سۈپىتىدە ئالاھىدە ئورۇن ۋە قىممەتكە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ سەھىپىسى ئۇزۇن

بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق، بىزدە ھازىرغىچە بار بولغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە سەھىپىسى زور بولغانلىرىدىن «ئالتۇن يارۇق»، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ۋىنا نۇسخىسى، «شۈنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىقلار بار بولۇپ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا قامۇسلارنىڭ قاتارىدا ھېساپلىنىدۇ، بۇلار بىزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىنى چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر.

تۆۋەندە «مايتىرى سىمىت» نىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

1. «مايتىرى سىمىت» ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى سەھنە ئەسىرى بولۇپ درىماتورگىيە تارىخىمىزدا يېگانە ئورۇن ۋە قىممەتكە ئىگە.

بىز ئالدىنقى مەزمۇنلاردا «مايتىرى سىمىت»نىڭ ژانىر تەۋەلىكىنى بېكىتىش ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە بىر قىسىم ئىختىلاپلىق كۆز قاراشلارنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن بولساقمۇ، ئەمما ئومۇمى ئەھۋالدىن قارىغاندا «مايتىرى سىمىت»تا ھازىرلانغان سەھنە ئەسىرىگە خاس خۇسۇسىيەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى نوقتىسىدىن دراماتورگىيە تارىخى ھەققىدىكى بايانلاردا «مايتىرى سىمىت» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈش بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئادەتكە ئايلاندى. بۇ يالغۇز ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس ئىلىمىزدىكى نوپۇزلۇق خەنزۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىمۇ شۇخىل خاھىش ئىپادىلىنىپ كەلدى. مەسىلەن:

جى شيەنلىن ئەپەندى ئەپەندى توخرىچە نۇسخىسىكى «مايتىرى سىمىت»نىڭ دراماتورگىيەلىك خۇسۇسىيىتىنى تەھقىقلەپ «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ درماتورگىيە تومىدا مۇنداق دەيدۇ : «‹مايتىرى سىمىت› 27 پەردىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مايتىرىنىڭ بۇرخانغا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. لىرىك ۋە ئېپىك شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇسلۇپ جەھەتتە قەدىمقى ھىندىستاننىڭ ‹بەشنامە› تۈرىدىكى ئەسەرلىرىدىن پەرقلەنمىسىمۇ، ئەسەرنىڭ نامى nãtaka دېيىلىدۇ، ئەسەردە مەخسۇس سەھنە سۆزلىرى ئىشلىتىلگەن»[①]

ئېلىمىزدە غەربىي يۇرت دراماچىلىقى، ھىندى-پارس تىياتىرچىلىقى ۋە دۇنخۇاڭ بۇددىزىم دراماچىلىقى ئۈستىدە سېستىمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان، دۆلەت ئىچىدىكى مۇشۇ ساھەدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن لى چياڭ (黎 蕾) ئەپەندى «مايتىرى سىمىت» قا باھا بېرىپ: «‹مايتىرى سىمىت›نىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئۇ ئېپىزوتلاردەك ھەيۋەتلىك، جەڭگىۋار شەكىلگە، ئېچىۋېتىلگەن دراما

① 《中国大百科全书·戏剧卷》，中国大百科全书出版社，1989年，第270页

سەنئىتى قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇپ...قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە دراما سەنئىتىدىكى ئىجادى كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلىپ بەرگەن.»[1]

لاڭ يىڭ خانىم غەربىي يۇرت تىياتىرچىلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تىياتىرچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ جۇڭگو تىياتىرچىلىقىنى تەتقىق قىلىشتا غەربى يۇت تىياتىرلىرىنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ. غەربىي يۇرت تىياتىرلىرى جۇڭگو تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى 400يىل ئالدىغا سۈردى دەپ ھىساپلاپ، قەدىمقى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت» نى غەربى يۇرت دراما تارىخىدىلا ئەمەس پۈتۈن جۇڭگونىڭ دراماتورگىيە تارىخىدا ئابىدە خاراكتىرلىك رول ئوينايدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ[2]

قىسقىسى، «مايترى سىمىت»نىڭ بۇنداق ئالاھىدە ئورنى ۋە مەدەنىيەت قىممىتىنى نەزەردە تۇتقاندا ئۇنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. «مايترى سىمىت» ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ۋە مەدنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تەرجىمە ئەدەبىياتى مۇھىم تەركىبى قىسمى شۇنىڭدەك ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە تەرجىمە ئەدەبىياتى ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ھەتتا مۇئەييەن دەۋر ئىچىدە تەرجىمە ئەدەبىياتى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا تەرجىمىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن.

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بىز «مايترى سىمىت»نىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. توخرىچە نۇسخىسى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغاندا ئۇلار ئۇسلۇپ جەھەتتىن ئاز تولا پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھىساپقا ئالمىغان مەزمۇن جەھەتتە بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكى بايقالغان. ئەسەردىمۇ ɛvirmiʃ دىگەن سۆز ئارقىلىق بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئۇيغۇرلار بىلەن توخرىلارنىڭ ئىتىنىك مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا بۇنداق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىنتايىن تەبىئىي ۋە يېقىن مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. «مايترى سىمىت»نىڭ ئەسلى مەنبەسى ھىندىستاندىن كەلگەن. كيىن يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسەتكەن (بۇ ھەقتە يۇقىرىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتۈلدى.) بۇ نوقتىدىن بۇ ئەسەرنى بىز كۈچلۈك بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيتىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەزى يىپ ئۇچلىرىغا ئېرىشىشكە بولىدۇ.

---

[1] 黎蔷：《印度楚剧与中国戏曲关系之研究》[j] • 上海戏剧学院学报《戏剧艺术》，1996 年 3 期

[2] 郎樱：《西域佛教戏剧对中国古代戏剧发展的贡献》[J] •《民族文学研究》，2002 年 第 4 期，

3. «مايترى سىمىت»نىڭ تىلىدا بىز ئۇچۇن ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىلغار تەرەپلەر بار بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قىسمەن تەجرىبە ۋە ئۈرنەكلەر بىلەن تەمىنلەپ بىرەلەيدۇ.

ئالىملارنىڭ توخرىچە ۋە تۈركچە «مايترى سىمىت» نى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەنە شۇنى بىلدىكى بۇنىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى ئىشلىگۈچى پىرتانراكشىت توخرى تىلىنى مۇكەممەل بىلىپلا قالماي، قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىدىمۇ پىشقان تىل ئۇستىسىدۇر. ئۇ ئەسەردىكى بۇددىزىمغا ئائىت ئاتالغۇلاردا ئىكانقەدەر مىللى مەدەنىيەت روھىنى ۋە مىللى تىلنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلۈم، 4-ۋاراقىدا پۇرناكى مايترى بۇدساتىۋانىڭ قەيەردىلىكىنى سورىغاندا ساداكى ئۇنىڭغا ئىنسىننىڭ مايترىنى تۈرك تۈركىش دۆلىتىدە ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. (3~1 4b 1) بۇددىزىم ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتكەندە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن سىرىت زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى سانسكرىتچە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. مەسىلەن، بۇددا دىنىدىكى قوغدىغۇچى ئىلاھ ئەسەردە «hormuzta» دېيىلگەن بولۇپ بۇ ئەسلىدە قەدىمقى تۈركچە سۆز بولۇپ، قەدىمقى تۈركلەر چوقۇنىدىغان روھىنىڭ نامىدىن كەلگەن سۆز ئىدى، بىراھمان دىنىدىكى ياراتقۇچى ئىلاھ قەدىمى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت»تا «ɛrzua»

دېيىلگەن بولۇپ بۇمۇ قەدىمقى تۈركلەر بۇرۇندىن تارتىپ چوقۇنغان ئىلاھنىڭ نامى ئىدى. بۇددا دىنىدىكى بەخت ئىلاھلىرى بۇ ئەسەردە «qutwaχsiklar» دېيىلگەن بولۇپ بۇيەردىكى «qut» قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «بەخت»نى «lar» كۆپلۈك قوشۇمچىسى «waχsik» سوغدىچە سۆز بولۇپ ئۆزلەشتۈرۈش يولى بىلەن ياسالغان. بەزىدە ئۇيغۇرچە ۋە سانسكرىتچىنى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان.ئالايلۇق، «nanti tigin» دېگەن سۆزدىكى «nanti » سۆزى سانسكرىتچىدا بۇتنىڭ نامى، «tigin » سۆزى «شاھزادە» دېگەن مەنىدە بولۇپ ئىككى خىل تىلدىكى سۆزنى بىرىكتۈرۈپ ياسىغان. ئۇ بۇددا دىنىدىكى خاس ئاتالغۇلار ئۈچۈن قەدىمقى ئۇيغۇرچىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ بىرمۇنچە يېڭى سۆز ئاتالغۇلارنى ئىشلەپ چىققان.

مەسىلەن:

amranmaq ulux （0 9b 5）(ئامرانماق ئۇلۇس)

بۇ بىر بۇددىزىم ئاتالغۇسى بولۇپ خەنزۇچىدا «欲界» دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ يېمەكلىك، ئۇيقۇ، جىنسى ئارزۇ تەلپىدە بولىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى «ئامرانماق » سۆزى قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا ئامراقلىق، سۆيگۈ، مۇھەببەت، مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ ئۇلۇس دۆلەت، ئەل دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئارقىلىق ئارزۇ-ئىستەك مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئابستىراكىت بۇددا ئاتالغۇسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇنداق سۆزلەر ئەسەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇ يەردە بىرمۇبىر تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز.

يەر-جاي ناملىرىنى ئالغاندا ئىمكانقەدەر ئەسلى تەلەپپۇزغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئالغان.

سانسكرىتچە ئاتالغۇلارنىڭ قوبۇل قىلغاندا سانسكرىتچەدىن بىۋاستە قوبۇل قىلماي، ئۆزىمىزنىڭكىگە يېقىن بولغان توخرى تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلغان، (بىزنىڭ خۇددى ئاتالغۇلارنى ئۆزبېك تىلى ياكى تۈرك تىلىدىن ئالغىنىمىزدەك).

saŋram （1 1a 20）（ساڭرام، ئىبادەتخانا）

بۇ سۆز سانسكرىتچە شەكلىsangharama بولۇپ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا « ساڭرام » دەپلا ئېلىنغاان

ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى يېڭى سۆز ياساش، قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش مەسىلىلىرىنى ناھايىتى ئىلمى ھەل قىلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ بۇخىل ئىلمى پوزىتسىيىسى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

3. «مايتىرى سىمىت»تا مىللىي مەدەنىيەت روھى بىلەن يۇغۇرلغان بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى چاقناپ تۇرىدۇ.

«مايتىرى سىمىت» گەرچە توخرى تىلىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان ئەسەر بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭدا بۇددىزىم تۈسىگە كىرگەن بولسىمۇ لېكىن يەنىلا ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىلىرى ۋە ئادىتىنى ئۇچراتقى بولىدۇ. پىرتانىراكشىتىنىڭ بۇ ئەسەرنى ئىشلەش جەريانى يالغۇز توخرىچىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈش جەريانى بولۇپلا قالماي بەلكى ئەسەرگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى روھىنى سىڭدۈرۈش جەريانى بولغان.

ئەسەردە مايتىرى ۋە ساكيامۇنىدىن ئىبارەت ئىككى مەركىزى پېرسۇناژ بار بولۇپ ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە بۇرناپاترى تىلىدىن ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇش جەريانى مۇنداق بېرىلىدۇ: «ئۇ ئىلىگ خاننىڭ ماھاياما ئاتلىق خاتۇنلۇق قۇنچۇيىدىن (خانىش مەلىكىسىدىن) لۇمبىنى ئاتلىق ئورمانلىقتا، ئاسۇك ئاتلىق ئاجايىپ سۆگەت ئاستىدا، ئىككىنچى ئاينىڭ سەككىزىدە، بۇش يۇلتۇزغا، ۋىچاي ئاتلىق موخۇرتقا، 32تۈرلۈك بەخت تەلەيلىك ياخشى بەلگىسىگە، تۇگەللىك 80 تۈرلۈك ئۆزگىچىلىك بىلەن بېزەلگەن، گۈزەل جامالى بىلەن غۇلاچچىلىك دائىرىدىكى نۇر چەمبىرىكىنى يالتىرىتىپ-چاقنىتىپ، خۇددى بۇلۇتنى يېرىپ چىققان كۈن تەڭرىدەك ئوغۇللۇق چىنتامانى ئەردىنى دۇنياغا كەلدى. ئۇ خۇددى ھايۋانلار خانى ئارسلاندەك قورقۇمسىزلىق بىلەن تائام يىدى..» ئۇ يەنە تۇغۇلۇپلا سۆز قىلىدۇ. ئۇ سۆزلىگەندە يەر جاھان تەۋرەپ، كۆك ئاسماندىن گۈل —چېچەكلىك يامغۇر ياغىدۇ. ئەتراپتىن ناخشا ئۇنى ئاڭلىنىدۇ.

ساكيامۇنىنىڭ يۇقىرىقى تۇغۇلۇش تەپسىلاتى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ تۇغۇلۇش مۇتىفىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كىتىدۇ. يەنى قەھرىمانىنىڭ نۇر ئىچىدە تۇغۇلىشى ياكى نۇر چاقنىتىپ دۇنياغا كېلىشى تۈرك ئېپوسلىرىدىكى بىر خىل ئورتاقلىق بولۇپ ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلىشىدىمۇ دەل مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساكيامۇنى تۇغۇلۇپلا شىرغا ئوخشاش

قورقۇمسىزلىق بىلەن تائام يەيدۇ. تۇغۇلۇپلا سۆز قىلىدۇ، سۆز قىلغاندىكى ئۈنى ناھايىتى جاراڭلىق ۋە كەسكىن بولۇپ بۇمۇ تىپىك ھالدىكى ئېپوس قەھرىمانلىرىنىڭ تۇغۇلىشىغا ئائىت ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇپلا گۆش يېگەن ، 40 كۈندە يۈگۈرەلەيدىغان بولغان تەپسىلاتلىرى بىلەن بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ساكيامۇنىنىڭ29 يېشىدا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، تەرىقەت ئىزدەپ ئاخىرى بۇددا ئايلانغانلىقىدەك ئىشلىرى بىلەن ئېپۇس قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى جەڭ سىناقتىن غالىپ كېلىپ، ئەڭ ئاخىرى زەپەر قۇچۇشتەك بايان ئەندىزىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

«مايتىرى سىمت»تا بادارى براھمان شاگىرتلىرىغا ساكيامۇنىنىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى «يوتىسى ئېپار كىيىكنىڭ يوتىسىدەك، ئۇياتلىق يېرى ئاچاينى ئاتلىق نەسىللىك ئاتنىڭكىدەك يۇشۇرۇنۇپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ، بېلىدىن يۇقىرى گەۋدىسى ئارسلان خانىغا ئوخشاش بولىدۇ، كىرپىكى قوتاز بوقىسىنىڭكىدەك بولىدۇ» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

يۇقىرىدا ئوخشىتىلغۇچى ھايۋانلار كىيىك، ئات، شىر، كالا قاتارلىقلار تۈركى مىللەتلەرنىڭ بايانى ئەسەرلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق قەھرىمانلارنىڭ پورتىرىتىنى تەسۋىرلەش ئېپوسلاردا دائىم ئۇچرايدىغان ئالاھىدىلىك بولۇپ ئوغۇزخاننى بەللىرى بۆرە بېلىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك دەپ تەسۋىرلەشلىرىمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا «مايتىرى سىمت»نىڭ ھەربىر بۆلۈمىنىڭ ئاخىرىدا ئەسەرنى كۆچۈرۈتكۈزگۈچى چۇ تاش يىگەننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلىدۇ. بۇخىل ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئاپتۇرنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ قويۇش ئۇيغۇر ئەدىپلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنە بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇنىڭ ئىزنالىرىنىڭ ئۇچرىتىش مۇمكىن. دىمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ھىس قىلىش مۇمكىنكى، پىرتانىراكشىت يالغۇز توخرى تىلىغا ئۇستا تەرجىمان بولۇپلا قالماي تۈركلەرنىڭ ئېپوس ۋە بايان ئەنئەنىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ئەدەبىياتشۇناستۇر. شۇڭا ئالىملارنىڭ ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە ئېيتقان دەلىل ھۆكۈملىرى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە، بۇددىزىم مەدەنىيىتى ۋە تۈرك ئېپوسلىرىنىڭ بايان ئەندىزىسىگە پىششىق ئىكەنلىكىدەك بۇ تەرىپىنى نەزەرگە ئالغاندا ئۇنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس.

دىمەك، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمت» گەرچە بۇددىزىمغا ئائىت ئەسەر بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا تۈرك مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

3.جۈپ سۆزلەر ھەققىدە

3-1. «جۈپ سۆز» ئۇقۇمى

جۈپ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قوش سۆز»، «جۈپلەنمە سۆز » دىگەن ناملار بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەرگە ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مەزمۇنلارنى تىل تەتقىقاتىغا دائىر كىتابلار ۋە ئالىي، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىدىن تاپىمىز. بۇ دەرسلىك ۋە ماتىرىياللاردا ئىيتىلغان تەبىرلەر خىلمۇخىل شەكىللەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ. ئۇلارنىڭ چىقىش نوقتىسى، ۋە تايىنىش ئاساسى جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە. يەنى ھەممىسى سۆزنىڭ تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسىنى ئاساس ئالاھىدىلىك قىلىپ تەبىر بەرگەن. مەسىلەن: ئابدۇرەئۇپ پۆلات ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى لېكسوكولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا جۈپ سۆزگە مۇنداق تەبىر بىرىلگەن:

«جۈپلەنمە سۆز-ئىككى سۆزنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە جۈپلىنىشىدىن ياكى بىر سۆز بىلەن ئادەتتە مۇستەقىل سۆز ھىساپلانمايدىغان بىر تەركىبنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان لىكسىكىلىق بىرلىك جۈپلەنمە سۆز دەپ ئاتىلىدۇ»[1]

پىروفىسسور ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئىشلىگەن «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى» ناملىق كىتابتا جۈپ سۆزنى «جۈپ سۆزلەر ئىككى باش مورفىمىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان، ئۆز تەركىبىدىكى مورفىملارنىڭ يىغىندىسىدىن كەڭرەك ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.[2]

دىمىسىمۇ جۈپ سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە قۇرۇلما جۈپ سۆزلەرنى باشقا لىكسىكىلىق شەكىللەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىك . جۈپ سۆزلەرگە تەبىر بىرىشتە مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى تۇتقا قىلغاندا ئۇقۇمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، جۈپ سۆزلەرگە بىرىلىدىغان تەبىر، چۈشەندۈرۈش ۋە مىساللاردىكى بەزىبىر تەرەپلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكە تەھلىل قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمەن. بۇنى ئومومى جەھەتتىن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1. مەنا قاتلىمى جەھەتتە،

[1] ئابدۇرەئوپ پولات : «ئۇيغۇر تىلى لېكسوكولوگىيىسى»، [M] قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994-يىل 12-بەت

[2] ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار : «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى»[M] ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى نەشرىياتى 2001-يىل 134-بەت

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇچرايدىغان جۈپ سۆزلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ھازىرقى چۈشەندۈرۈشلەردە كۆپرەك تەكىتلىنىۋاتقىنى ئىككى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەر (ئەر-ئايال، دەپتەر-قەلەم، ئۆچ-تۆت دىگەندەك) بىلەن، بىرمەنىلىك، بىر مەنىسىز بۆلەكتىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەر (قۇلۇم-قوشنا، تۇمۇر-تەسەك دىگەندەك) بولۇۋاتىدۇ. بېرىلىدىغان ئىنىقلىمىلارمۇ كۆپىنچە مۇشۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلىشقا مايىل بولۇۋاتىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا يەنە بىرقىسىم جۈپ سۆزلەر باركى، تەركىبىدىكى ھەر ئىككى سۆز ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرسا مەنە ئاڭلاتمايدۇ، ھەم ئۆز ئالدىغا ئايرىممۇ قوللىنىلمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنى سۆز دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: (ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئەلەي-بەلەي دىگەندەك) . بۇنداق جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىككى مەنىسىز تەركىبنى بىرىكتۈرۈپ مۇقىم لىكسىكىلىق مەناغا ئىگە سۆزنى ياساپ چىقالىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇلاردىكى ئالاھىدە بىرىكىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىندۇر. بۇنداق جۈپ سۆزلەر مەيلى سانىنىڭ قانچىلىك ئاز بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇر تىلى لۇغەت سۇستاۋىدا مەۋجۇت. شۇڭا بۇنداق قىسمى تەرەپلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋىتىشكە بولمايدۇ.

2. مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى جەھەتتە

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەر قارىماققا تۇراقلىق شەكىلگە ئىگە بولۇپ ئۇلار تۈرلەنسىمۇ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىدە ئانچە ئۆزگىرىش بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئادەتتىكى نۇتۇقلاردا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار جۈپ سۆزتەركىبىدىكى ئاخىرقى سۆزگىلا ئۇلىنىدۇ. (مەسىلەن: «بەش-ئالتىلەردە»، «ئوڭ-تەتۈرىنى» دىگەندەك) ئەمما جانلىق تىل ئەمەلىيىتىدە ئوي پىكىرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىدىمۇ ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

قول-قول (ئىشلەپ تۈگەتتى)،

قولمۇقول (تۇتىشىپ ئالغا ئىلگىرلىدى.)،

قولدىن- قول (غا ئۆتۈپ)

بەزىدە بىر جۈملىدە ھەتتا جۈپ سۆز تەركىبىدىكى ئىككى سۆز ئايرىۋىتىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

«ئۈنىڭدىن بىر قۇشۇق، بۇنىڭدىن بىر قۇشۇق يەپ باقتى»

بۇ جۈملىدە «ئۈنىڭدىن- بۇنىڭدىن» دىگەن جۈپ سۆز گەرچە ئايرىۋىتىلىپ ئادەتتىكى شەكىلگە كىرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۈنىڭدىن يەنىلا جۈپ سۆزلەر سىمانتىكىسىدىكى خاسلىقلارنى تاپالايمىز. شۇڭا جۈپ سۆزلەرنى تەھلىل قىلغاندا تەرەپلەرنىمۇ تولۇق ئويلىشىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەينى ھالىنى توغرا ئېچىپ بىرىش زۆرۈر

3. يېزىق تىلى ۋە ئېغىز تىلىنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە:

جۈپ سۆزلەردىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆزگىرىشچان ۋە ئىلاستىكىلىق

خۇسۇسىيەت ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تىز ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى جانلىق ئىپغىز تىلىدا ناھايىتى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. شۇڭا جۈپ سۆزلەرگە ئائىت ئىنقلىما، مىسال ۋە چۈشەندۈرۈشلەردە چوقۇم ئىمكانقەدەر خەلق ئىپغىز تىلىغا يۈزلىنىش كىرەك. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئىپغىز تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات، ئىزدىنىشلەر ئاساسى جەھەتتىن بوش ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ. ئىپغىز تىلى ئەركىن، ئىخچام، جانلىق بولۇپ، بەزى تىلشۇناسلار ئۇنى ئەڭ «تەبىئىي تىل» دەپ قاراشماقتا.[1] ئىپغىز تىلىدا ئىپادە ئىھتىياجىغا ئاساسەن سۆزتەرتىپىنى ئالماشتۇرغىلى ۋە قىسقارتقىلى بولىدىغان بولغاچقا قىسقا، ئىپادە ۋاستىلىرىگە باي بولۇپ ، ئەدەبى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن ئەدەبى ئەسەر تىلىدىكى خاسلىقلارنى ئىگىلىشىمىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

جۈپ سۆزنى تۈزۈشكە ئىككى سۆز قاتناشسىمۇ، جۈپ سۆزدە ئىپادىلىنىدىغان مەنە ھەرگىزمۇ ئۇ ئىككى سۆزنىڭ ئاددى ھالدىكى يىغىندىسى ئەمەس بەلكى شۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنا دائىرىسىدىنمۇ كەڭرەك بولغان ئابستراكىت مەنادۇر. مەسىلەن: «قۇرت-قوڭغۇز» دىگەندە كۆرستىدىغىنى قورت ۋە قوڭغۇزدىن ئىبارەت ئىككى شەيئى بولماستىن مۇشۇ تۈردىكى كىچىك ئۆملىگۈچى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرستىدۇ. بۇنداق كونكىرىت سۆز مەنىسىدىن ئابستراكىت سۆز مەنىسىنى پەيدا قىلىشتەك ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئابستراكتسىيلەش خۇسۇسىيىتى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم خاراكتىرلىگۈچى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنداق ئالاھىدە ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم قەدىمدىن بۇيان ھەرقايسى دەۋرلەردە ماھىر تىل سەنئەتكارلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. شۇڭا جۈپ سۆزلەر مەيلى تىلشۇناسلىق جەھەتتە بولمىسۇن، ۋە مەيلى بەدىئىي پاساھەت (ئىستىلىستىكا) ئىلمى، ئەدەبىياتشۇناسلىق جەھەتتە بولمىسۇن مەخسۇس، ئىلمى تەكشۈرۈشكە تىگىشلىك كاتىگورىيەدۇر.

«جۈپ سۆز » دىگەن بۇ ئۇقۇم خەنزۇتىلىدا «对偶词» دىگەن نام بىلەن ئېلىنىدۇ. ئەمما ئاز بىرقىسىم ئەسەرلەردە «重叠词» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنماقتا.[2] شۇڭا بۇ نوقتىدىمۇ ئازراق توختىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم.

بىلىشىمچە، خەنزۇتىلى گىراماتىكىسىدا «重叠词» دىگەن بۇ سۆز ئەينى بىر سۆز ياكى خەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بۇيىچە تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان

---

[1] ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمى ماقالىلىرى» [M] . مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل. 7-بەت

[2] «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى» ناملىق كىتابتىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مۇندەرىجىلەرگە قارالسا بولىدۇ.

سۆزلەردۇر. مەسىلەن: «干干净净»، «看一看» دىگەندەك. ئىككى تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشىمىغاچقا ئوخشىمىغان تىللاردىكى گراماتىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كىلىپ بولالماسلىقى تەبىئىي. ئەمما 重叠词 نىڭ خەت مەنىسى ۋە بۇنداق سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا بۇ سۆز ئۇيغۇرتىلىدىكى «بارا-بارا»، «ماڭا-ماڭا»، «يېتىپ-يېتىپ» قا ئوخشىغان تەكرارى سۆزلەرگە بەكرەك ماس كىلىدۇ. ئەلۋەتتە، تەكرارى سۆزلەر ھازىرغىچە جۈپ سۆزلەر قاتارىدا سانىلىۋاتقان بولغاچقا، «جۈپ سۆز »نى «重叠词» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ ئاساسسىز ئەمەس. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن تەكرارى سۆزلەر جۈپ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئاز بىرقىسمى. قىسمەنلىك ئارقىلىق پۈتۈنلۈكنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكرارى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى ۋە بەزىبىر گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئەسلى قوش سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا تۈركولوگىيىدىكى كىيىنكى تەكشۈرۈشلەردە تەكرارى سۆزلەرنى جۈپ سۆزلەردىن بۆلۈۋېلىپ مۇستەقىل كاتىگورىيە سۈپىتىدە قاراش غەرىزىمۇ بار. بۇھەقتە س.ن.مۇراتوۋ مۇنداق نەتىجىگە كىلىدۇ: قوش سۆزلەر تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ مۇتلەق جۈپ بولۇش قائىدىسى ۋە تەركىۋى قىسىملاردىكى تەكرارلىنىشلارنىڭ تولۇق ئوخشاش بولۇش قائىدىسى، شۇنىڭدەك، بۇئىككى كاتىگورىيەنىڭ پەرقلىنىدىغان گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، قوش سۆزلەر ۋە تەكرارى سۆزلەر تۈركى تىللاردىكى تۇراقلىق سۆزبىرىكمىلىرى سىستىمىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. [①]

شۇڭا يەنىلا «对偶词» دىگەن بۇ ئاتالما ئارقىلىق جۈپ سۆزلەرنى، «重叠词» ئارقىلىق تەكرارى سۆزلەرنى «对偶» ئارقىلىق پاراللېلىزىمدىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق شەكىلنى ئىپادىلىگەندە بۇ ئاتالغۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى يوق قىلغىلى، ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئىلمى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

جاڭ تىيېشەن ئەپەندىنىڭ «قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ تىل قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى» ناملىق كىتابتا قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىدىكى سۆزلەرنى قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىغاندا تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆزلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ ۋە بىرىككەن سۆزلەر قاتارىدا جۈپ سۆزلەر بىلەن تەكرارى سۆزلەرنى ئايرىم چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

«iʧ taʃ»(ئىچى-سىرتى)، «bɛg bodun»(بەگ-خەلقلەر) دىگەن سۆزلەرنى جۈپ سۆزلەر قاتارىدا،

«kɛnty kɛnty»(ھەرقايسىسى)، «aqdrq adruq» (خىلمۇخىل) دىگەن سۆزلەرنى تەكرارى سۆزلەر قاتارىدا چۈشەندۈرگەن . [②] مەزكۇر دىسسىرتاتسىيىدە

---

① قازاقستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى»(2-قىسىم). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 35-36-بەتلەر

② 张铁山：回鹘文献语言的结构与特点，[M]，中央民族大学出版社，2005年，168~174页

ئادىتىمىز بويىچە تەكرارى سۆزلەرنى جۈپ سۆزلەر قاتارىدا قويۇپ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق.

3-2 . جۈپ سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەر مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈش ۋە لىكسىكا- سېمانتىكىلىق مەنا قاتلىمى جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە باي كاتىگورىيەدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇرەككەپ تۈزۈلۈشكە ئىگە سۆزلەردىن جۈپ سۆزلەر بىلەن بىرىككەن سۆزلەر بار. «ئالتىشەھەر»، «كۆز ئەينەك » قاتارلىق بىرىككەن سۆزلەردە جۈپ سۆزلەرگە ئوخشاش ئىككى سۆز بولسىمۇ بۇلارنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەيدىغان لىكسىكىلىق مەناسى يەنىلا جۈپ سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. بىرىككەن سۆزلەردىكى تەركىبلەر تارىخى ۋە سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ. «قارىياغاچ» دىگەن بىرىككەن سۆزدە «قارا»ۋە «ياغاچ»دىگەن سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىپ، ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىش جەريانىدە تۇراقلىق شەكىلگە كىرگەن. ئۇلارنىڭ بىرىكىشىدە بىربىرىگە تايىنىش مۇناسىۋىتى تاللاش- تاللىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. يەنى ئۇنىڭدىكى «قارا» دىگەن سۆزنى باشقا رەڭگە ئالماشتۇرساق بۇ بىرىككەن سۆز مەۋجۇتلىقتىن قېلىپ ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىسىگە ئايلىنىدۇ. ئەمما جۈپ سۆزلەردە بۇنداق بىرىكىش شەرت ئەمەس. ئۇلار تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىدۇ. جۈپ سۆز تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلىق مۇناسىۋەت شەكىللەنسىلا بۇلار بىرىكىۋېرىدۇ. مەسىلەن: ياغاچ-تاش (سېتىۋالدۇق)، ئوتۇن-ياغاچ (يىغىپ كەلدى) دىگەندەك

بىرىككەن سۆزلەردە ئىككى تەركىپ ئوخشاش سۆز تۈركۈمىدىن بولۇش شەت ئەمەس. جۈپ سۆزلەردە چوقۇم تەركىبلىرى ئوخشاش سۆز تۈركۈمىدىن بولۇش كىرەك. مەسىلەن: بەش ئاتار (سان+پېئىل)، قارىياغاچ(ئىسىم+سۈپەت)، بەلباغ(ئىسىم+ئىسىم)

جۈپ سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مەنا جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئابىستىراكتسىيىلەش، تۈزۈلۈش جەھەتتىن سىممىتىرىكلىك، ئىنتۇناتسىيە جەھەتتە ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. مەنا جەھەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئابىستىراكتسىيىلەش خۇسۇسىيىتى.

جۈپ سۆزلەر تەركىبىدە ئىككى سۆز بولسىمۇ لىكىن بۇئىككى سۆز بىرىكىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەنا دائىرىسى كېڭىيىدۇ ۋە يەككىلىكنى بىلدۈرۈشتىن دائىرىنى كۆلەمنى بىلدۈرۈشكە قاراپ تەرەققى قىلىدۇ. بۇنداق جۈپ سۆزدىن بىر جۈملىدە بىرقانچىسى تەڭ قوللىنىلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مەنا دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، كۆرسىتىدىغان ئۇقۇم دائىرىدىن بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ تەرەققى قىلىدۇ. مەسىلەن:«دەل-دەرەخ، گۈل

—گىياھلارنى ئاسرايلى» دېگەن جۈملىدە ئىككى جۈپ سۆز ئارقىلىق يىشىللىقنى قوغداش دېگەن مەنا ئىپادىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە «يىشىللىق» دېگەن بۇ سۆزنى بىۋاستە ئىشلەتكەندە مەنىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى بار. شۇڭا بۇيەردە كونكرېت مەنىلىك سۆزلەردىن تەركىب تاپقان ئىككى جۈپ سۆز ئارقىلىق سۆنىڭ ئابستىراكىت مەنىسىنى ياراتقان، مانا مۇشۇنداق كونكرېت سۆز مەنىلىرىدىن ئابستىراكىت مەنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، يەككە شەيئىدىن دائىرە شەكىللەندۈرۈش جۈپ سۆزلەر دائىم ئارتقۇرىدىغان فونكسىسيەدۇر. ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىپ كېلىشى بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسسىدىكى مەنىۋى تەڭپۇڭلۇق ۋە ماسلىق بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. تىلىمىزدىكى خالىغان ئىككى سۆز خالىغان رەۋىشتە، خالىغان ئۇسۇلدا بىرىكىپ جۈپ سۆز ھاسىل قىلىشۋرمەيدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدا سىمانتىكا ياكى فونىتىكا جەھەتتە ماسلىق شەكىللەنگەندىلا ئاندىن بۇلارنىڭ بىرىكىشىدىن جۈپ سۆز ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: «قوغۇن-تاۋۇز»، «ئالما ئۆرۈك» دېگەن جۈپ سۆزلەردىكى تەركىبلەرنى ئالماشتۇرۇپ «ئالما-قوغۇن» ياكى «ئۆرۈك تاۋۇز» دەپ ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ

جۈپ سۆزلەر ئىپادىلەيدىغان بۇ خىل جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ سىمانتىكىلىق قاتلام يەنە ئۆز ئىچىدىن نۇرغۇن زىل مەنا ئاھاڭلىرىغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدە مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىرىمۇ (ئەتە-ئۆگۈن ،ئىككى-ئۈچ دېگەندەك)، شەيئىنىڭ ئۆزگىرىش ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىمۇ (تاراق-تۇرۇق، غاراچ-غۇرۇچ) بار. جۈپ سۆزلەر مانا مۇشۇنداق ئىنچىكە مەنە ھالقىلىرىغا بۆلۈنسىمۇ ئەمما ئۇلار يەنىلا مۇناسىۋەتلىك ئىككى خىل شەيئى، ھادىسە ۋە مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق شۇ دائىرىدىكى جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن، «ئىككى-ئۈچ» دېگەن بۇ مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان جۈپ سۆزدە، ئىككى ياكى ئۈچىلا ئەمەس بەلكى شۇ دائىرىدىكى سانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، جۈپ سۆزلەر سىمانتىكىلىق قاتلام جەھەتتىن كەڭ ۋە زىل مەنە تۈرلىرىگە بۆلۈنىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتى يەنىلا مەنانى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، كونكرېت سۆز مەنىسىدىن ئابستىراكىت سۆز مەنىسىنى كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۆز خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

2. جۈپ سۆزلەرنىڭ سىممېترىكلىك خۇسۇسىيىتى

جۈپ سۆزلەر ئادەتتە ئىككى تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ئايرىم مەنە ئاڭلىتىدىغان ياكى ئاڭلاتمايدىغانلىقىغا ئاساسەنبۇ ئىككى تەركىبىنىڭ ھەرئىككىسى مەنىلىك، بىرى مەنىلىك بىرى مەنىسىز، ھەرئىككىسى مەنىسز بولىدىغان ھەرخىل ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،بۇ ئىككى تەركىب تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق قوش قۇرۇلمىلىق تۈزۈلۈش بىرخىل قانۇنىيەتچانلىقنى ۋە سىممېترىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ئۆزىگە خاس تىل قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. تىل

قۇرۇلمىسى بىلەن تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بار بولۇپ، بىر تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئەمەلىيەتتە، شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى توپنىڭ كوللىكتىپ تەپەككۇرىنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆزگىرىشمۇ ئىنتايىن ئاستا بولۇپ نىسبەتەن تۇراقلىق شەكىلدە شۇ تىلدىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر شەكلى، ياشاش ئۇسۇلى قىممەت قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا لىن يۈتاڭ ئەپەندىم ئۆزىنىڭ «جۇڭگولۇقلار» ناملىق ئەسىرىدە: « جۇڭگولۇقلار ئۆز تىلىدا سۆز بېشى ۋە سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان سۆز تۈرلىگۈچى ئۆزۈك تاۋۇشلارنى كۆپرەك ساقلاپ قالغان بولسا، كۆڭزى نۇپۇسىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپلا قالماي، ئۇنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىنىمۇ بۇرۇنلا بۇزۇپ تاشلىغان، بىلىمنى كەڭ تارقىتالىغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك خاتىرجەملىك يارىتالىغان ھەمدە باشقا تەرەپلەردىمۇ مەزمۇت قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ كۆپ باسما تېخنىكىسى، راكېتا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىپ، مۇشۇ سەييارىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولاتتى»[1] دېيىش ئارقىلىق سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن ئىبارەت ئادەتتىكى گىرامماتىكىلىق مورفېما بىلەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. قارىماققا گەرچە بىرئاز ئاشۇرۇۋەتكەندەك بىلىنسىمۇ، ئەمما، تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى نوقتىسىدىن قارىغاندا يەنىلا كۈچلۈك ئىلمى ئاساسقا ئىگە ئىدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تىلنىڭ كۆپ خىل بولۇشى، تەپەككۇرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى، مەدەنىيەتنىڭ رەڭدار بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق ئىلمىدىكى يېڭى ھومبۇلت ئېقىمى② دىكىلەرنىڭ ئاساسى ۋەكىللىرىدىن بولغان ۋېسگېبىر (L.Weisgerber) ئۆز تەتقىقاتىدا تىلنىڭ پەلسەپە، مەدەنىيەت تارىخى، ئېستېتىكا، قانۇن ئىلىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شەرھىلەش

---

[1] لىن يۈتاڭ: « جۇڭگولۇقلار ». (ئۇيغۇرچە نەشرى). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 292-بەت

[2] ھومبولت ئېقىمى-گېرمانىيەنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىمى ھومبۇلت (Baron von Wilhelmvon Humboldt, 1767 --1835) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تىلشۇناسلىق ئېقىمى. بۇ ئېقىمدىكىلەر تىل بىلەن مىللىي روھنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەيدۇ. تىلنى مىللىي روھنىڭ تاشقى ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ «تىل دىمەك. مىللى روھ دىمەكتۇر، مىللى روھ دىمەك تىل دىمەكتۇر » دەيدىغان داڭلىق ھۆكۈمى بار. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تىل پائالىيىتىدىكى ئىجادچانلىقنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. يەنى، كىشىلەر چەكلىك ساندىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر بىلەن چەكسىز جۈملىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: ھەربىر تىل بىرخىل ئۆزگە خاس دۇنيا قاراشنى ئۆزگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور.

ئاساسىدا، تىل بىلەن كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ئۇسۇلى زىچ بىردەكلىككە ئىگە دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق دىگەن: «ئەگەر ئىنسانلاردا بىرلا تىل بولىدىغان بولسا. شۇ تىلنىڭ سوبيكتىپلىقى ئوبيكتىپ رېئاللىقنى بىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۆزگەرمەس يولى بولۇپ قالاتتى. تىلنىڭ كۆپ خىل بولۇشى بىلەن بۇنىڭ ئالدى ئېلىنىپ ئىنسانلارغا دۇنيانى كۆزىتىشنىڭ كىرەكلىك ۋە كۆپ خىل ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى».[1]

مەيلى قايسى نوقتىدىن قارىمايلى، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بارلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇيغۇرتىلىدىكى جۈپ سۆزلەردىكى ئىككى تەركىبلىك سىممىترىك قۇرۇلما ھەرگىزمۇ ئايرىم. يەككە ياكى تاساددىپى ھادىسە ئەمەس. ئۇنىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە ئۇيغۇرتىلىنىڭ مۇھىم بىر لىكسىكىلىق تەركىبى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇكەممەللىششى ۋە تەرەققىياتىدا تىگىشلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. بۇنداق بولۇشى خەلقىمىزنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر ئادىتىدە ئەنە شۇنداق تىل ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ رول ئوينىغانلىقىدىن بولغان. خەلقىمىزنىڭ تىل ئادىتىدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان جۈپلۈك تۈزۈلۈشتىكى تىل قۇرۇلمىسىنى خېلى كۆپ ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، ماقال- تەمسىللىرىمىز، تېپىشماقلىرىمىز كۆپىنچە ئىككى قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، ئايرىلغاننى ئېيىق يەر.

ئاتتىن ئىگىز، ئىتتىن پەس

ئۆزى بىر، كۆزى مىڭ

بەزى يەككە تەركىبلىك، ئادەتتىكى جۈملە تۈزۈلۈشىدىكى فىرازىئولوگىيىلىك بىرىكمىلەردىمۇ ئىنچىكە كۈزەتكەندە ئىككى تەركىبكە ئاجرىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

«بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ»

بۇ تەمسىل قارىماققا ئادەتتىكى بىر جۈملە شەكلىدەك قىلسىمۇ، لىكىن دىققەت قىلساق بۇنىڭدىمۇ ئىككى پاراللىل تەركىبنىڭ بارلىقنى يەنى « بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا » ۋە « قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ » دىگەن شەكىلەردە تەبىئىي ئاجرىلىدىغانلىقنى بىلىشكە بولىدۇ. خەلق جانلىق تىلىدا ئۇچرىدىغان «يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە» دىگەندەك تۇراقلىشىپ قالغان ئىبارىلەردىمۇ مۇشۇنداق جۈپلۈك تۈزۈلۈش نار

خەلق قوشاقلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قارىساقمۇ. خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۆت مىسرادىن تۈزۈلىدۇ. بۇ مىسرالارنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى بىلەن، كىيىنكى ئىككى مىسراسىمۇ مەنتىقى پىكىر يۈنىلىشى بويىچە تەبىئىي ئىككى بۆلەككە بۆلىنىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەرەب، پارىس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن مۇسەللەس(ئۈچلىك)، مۇخەممەس(بەشلىك) قاتارلىقلاردىن باشقا شېئىرى شەكىللەر

---

[1] (前苏联)兹维金采夫：普通语言学纲要[M]• 王超尘等译，北京：商务印书馆.1981.第 337 页

جۈپ مىسرالاردىن (كۆپىنچە تۆت مىسرادىن) تەركىب تاپىدۇ.
 پاراللىلىزىم ياكى جۈپلەش دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرتىلى ئىستىلىستىكىسىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق شەكىلمۇ تۈزۈلۈش ۋە ماھىيەت جەھەتتە جۈپ سۆزلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار پەقەت تۈزۈلۈش تەركىبى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. يەنى جۈپ سۆز ئىككى سۆزنىڭ ، پاراللىلىزىم ئىككى سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنىڭ قاتارلىشىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.
مەسىلەن:
.مانا ئەمدى ئانت ئىچكۈچىدىن قۇتۇلۇپ، قان ئىچكۈچىگە تۇتۇلغان ئوخشايمىز (ئا. ئۆتكۈر)
بۇرۇنقى زاماندا ئوغۇزخان دەپ بىر ئولۇغ خان ئۆتكەنىكەن، تاغۇ-تاشقا ھۆكمى، بۆرى-قۇشقا سۆزى ئۆتكەنىكەن. (ئوغۇز ئەپسانىسى).
søzyŋi kydɛzgil salamɛt yori   سۆزۈڭنى كۈزىتىپ سالامەت يۈرى،
øzyŋi kydɛzgil esenin qari   ئۆزۈڭنى كۈزىتىپ سالامەت قېرى.
(«قۇتادغۇبىلىك» 1509-بېيىت)
bilgɛ qaɣan ɛrmiʃ alp qaɣan ɛrmiʃ
ئەقىللىق خاقانلارئىمىش، باتۇر خاقانلار ئىمىش
syqiɣ sabin jimʃaq aɣin (arip)
چۆچۈك سۆزى، يۇمشاق يىپەك رەختىلىرىگە (ئالدىنىپ)
(مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى)
kywɛnʧ køŋyllyg kørym køkyzlyg tınliɣlarnıŋ
 (0 4b 29)
تەكەببۇر كۆڭۈللۈك، كۆرۈم كۆكسلىك(تەمەنناچى) جانلىقلارنىڭ («مايتىرى سىمىت»)
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىپ كەلگەن پاراللىلىزىمدىن ئىبارەت بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىمۇ بىرخىل جۈپلۈك قۇرۇلمىدىن ئىبارەت.
 ئېنىقكى، بۇنداق سىممېترىكلىك خۇسۇسىيەت ئۇيغۇرلارغىلا خاس ئالاھىدىلىك بولماسلىقى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر ئادىتىدىمۇ مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەت ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. بۇيەردە بۇلارنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسەت جۈپ سۆزلەردىن ئىبارەت بۇنداق ئالاھىدە تۈزۈلۈشكە ئىگە قۇرۇلمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر ئادىتىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاددىراق بولسىمۇ بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

3. جۈپ سۆزلەردىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق

ئاھاڭدارلىق ۋە رىتىم تىلدا مۇزىكىلىق سەزگۈ پەيدا قىلىدىغان فونېتىكىلىق ھادىسە بولۇپ، كۆپىنچە، ئۇرغۇ، پائۇزا، ئىنتوناتسىيە، قاپىيە، تەقلىد، قاتارلاش، ئالماش قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ھاسىل بولىدۇ. جۈپ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سىنونىملار ئوتتۇرىسىدا مەنا جەھەتتە ماسلىشىدىغان مەنىۋى تەڭپۇڭلۇق بولۇشتىن تاشقىرى، تەلەپپۇز ۋە ئىنتوناتسىيىدە ئېغىزغا راۋان كېلىدىغان، جانلىق ۋە رىتىملىق خۇسۇسىيەت بار. بۇ دەل بىز دەۋاتقان رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقتۇر. جۈپ سۆزلەردىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى، سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى ۋە تىل ئورنى بۇيىچە ماسلىشىپ كېلىشىدىن باشقا يەنە ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدىكى قاپىيەنىڭ رولى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، جۈپ سۆزلەرنىڭ قوللىنىشچانلىقى ۋە جەلپكارلىقى ئاشىدۇ.

جۈپ سۆزلەردىكى قاپىيە ئادەتتە جۈپ سۆز تەركىبىدىكى ئالدىنقى سىنونىمنىڭ باش ياكى ئاخىرىدىكى سوزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا جۈپ سۆزلەردە باش قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتمۇ، ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتمۇ تېپىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاياغ قاپىيىلىك بولغانلىرى:

ئاتارمەن-چاپارمەن، مىۋە-چېۋە، ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئالدى-كەينى. ئاكا-ئۇكا

باش قاپىيىلىك بولغانلىرى:

سىلىق-سىپايە، كىيىم-كېچەك، پەم-پاراسەت، مال-مۈلۈك، شان-شەرەپ

ھەم باش قاپىيىلىك ھەم ئاياغ قاپىيىلىك بولغانلىرى:

تاراق-تۇرۇق، شاپۇر-شۇپۇر، زورلۇق-زومبۇلۇق

قاپىيە جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئەمما چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيىتى ئەمەس. تىلىمىزدا شۇنداق بىر جۈپ سۆزلەر باركى، ئۇلاردا ياكى باش قاپىيىلىك ياكى ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتنىڭ ھېچقايسىسى تېپىلمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرىكىشى يەنىلا ئىنتايىن زىچ ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىلىم-پەن، ئىگەر- توقۇم، ئوت-چۆپ دىگەندەك.

بۇنداق سۆزلەردە گەرچە قاپىيىلىك خۇسۇسىيەت بولمىسىمۇ، تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ سىمانتىكىلىق خۇسۇسىيىتى، بوغۇم تۈزۈلۈشى، تىل ئادىتى سەۋەبىدىن راۋان، جانلىق، يېقىملىق بولۇشتەك تەلەپپۇز تەلىپىگە يېقىندىن ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزىگە خاس ئىچكى رىتىمدارلىقنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جۈپ سۆزلەرنىڭ ئۈچ خىل خۇسۇسىيىتى-مەنانى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئابستىراكتسىيىلەش، تۈزۈلۈشتىكى سىممېتىرىكلىك، تەلەپپۇزدىكى ئاھاڭدارلىق ۋە رىتىم جۈپ سۆزلەرگە مەركەزلىشىپ باشقا خىل تۈزۈلۈشتىكى سۆزلەر ئاسانلىقچە ئىگە بولالمايدىغان ئۆزىگە خاس ئىپادە كۈچىگە، يۇقىرى

ئىستىتىك ئۈنۈمگە ئىگە قىلغان. يەنى، مەنانى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئابستىراكتسىيىلەش خۇسۇسىيىتى ئۇنى ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنا بىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلسا، ئۇنىڭ سىممېتىرىك خۇسۇسىيىتى ئۆزىگە خاس تىل تۈزۈلۈشىدىكى ئىستىتىك ئۈنۈمنى پەيدا قىلدۇ. ئۇنىڭ قاپىيەنى ئاساسى بەلگە قىلغان رىتىمدارلىقى ئۇ سۆزگە شېئىرى تۈس بېغىشلايدۇ. دېمەك، جۇپ سۆزلەرنىڭ كونتېكستا ئوينايدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئۈنىمىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا جۇپ سۆزلەرنى يالغۇز تىل ئىلمى نوقتىسىدىن ئەمەس بەلكى ئىستىلىستىكا ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق بۇيىچە مەخسۇس تىما تۈرغۇزۇپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

3-3 . جۇپ سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە قوللىنىلىشىغا دائىر مىساللار

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، جۇپ سۆزلەر ئايرىم، قىسمەن ياكى تاساددىپىلىق ئەمەس، ئۇ خەلقىمىزنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر ئادىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك كاتىگورىيە بولغاچقا ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى ھەرخىل ژانىر ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەردە ئىزچىل قوللىنىپ كىلىنگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئۈچ خوسۇسىيەت- مەنانى ئابستىراكتسىيىلەشتۈرۈش، تۈزۈلۈشتىكى سىممېتىرىكلىك، تەلەپپۇزدىكى ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەدىپ، سەنئەتكار، تەرجىمان قەلەمكەشلىرىمىز تەرىپىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ كېلىنگەن. يۈزەكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بولسىمۇ شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى يازما ئەدەبىياتىمىز شەكىللەنگەندىن كىيىنكى ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىن جۇپ سۆزلەرنىڭ سىماسىنى ئۇچراشمىغان دەرىجىدە ئۇچرىتالايمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جۇپ سۆزلەر مۇتلەق ئىشلىتىلىپ باقمىغان دەۋر بولغان ئەمەس، شۇڭا جۇپ سۆزلەر ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا شەكىللىنىپ راۋاجلىنىش جەريانىغا ئىزچىل قاتنىشىپ كەلگەن. مەزكۇر قىستۇرما خاراكتىرلىك يازمىدا پەقەت مۇشۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، ئاز بىرقىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇم. بۇنىڭ ھەممىسىنى بىر يولى سۆزلەش مۇمكىن بولمىغاچقا يەنە كىلىپ بۇ دىسسىرتاتسىيىنىڭ ئاساسى مەقستى بولمىغاچقا ئاز بىرقىسىم ئەسەرلەردىن چەكلىك مىقداردىكى جۇپ سۆزلەرنىلا كۆرسىتىپ بىرىشنى مەقسەت قىلدىم. بۇنىڭدا يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلانمىسى سۈپىتىدىكى مەڭگۈ تاشلارنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى جۇملىدىن ئىسلام مۇھىتىدىكى يىگانە ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نى ۋە مول ئەدەبى مىراسلار قالدۇرۇلغان چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئەسەرلەرنى تاللىۋالدىم. بۇنى تاللاشتا ئۇلارنىڭ تىپىكلىكىنى كۆزدە تۇتقاندىن باشقا يەنە مۇھىمى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى، بىۋاستە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بار ياكى يوقلىنى ئاساس قىلدىم.

1. مەڭگۈ تاشلاردىكى جۈپ سۆزلەر

ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلىدا (ئومۇمەن قەدىمقى تۈرك تىلىدا) ئىپادىنى كۈچلۈك، تەسىرلىك ۋە نەپىس قىلغان ئېلىمىنتلارنىڭ بىشىدا مەنىداش، يېقىن ياكى زىت مەنىلىك سۆزلەردىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى كېلىدۇ. ھەققەتەن تۈرك تىلى قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا جۈپ سۆزلەرگە ئىنتايىن باي بىر تىل ئىدى. جۈپ سۆزلەردە كۆپرەك تاۋۇشلارنى تەكرارلاش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. يەنى جۈپ سۆزلەرنىڭ كۆپى باش قاپىيىلىكتۇر.[1] مەسىلەن:

(1)tyryk bodunuɣ ati kysi jok bolmzun tijin

تۈرك خەلقىنىڭ نام-شەرىپى يوق بولمىسۇن دەپ (كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى، شەرقى يۈز 25-قۇر)

(2)ıʧrɛ aʃsiz taʃra tonsuz jabiz jablaq bodunta yze olurtum

قارنى ئاچ، دۈمبىسى يالىڭاچ، يوقسول كەمبەغەل خەلققە ھۆكۈمدار بولدۇم (بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى شەرقى يۈز 21-قۇر)

(3)sarɣ altun yryŋ kymyʃ kiz koduz，ɛɣri tɛbi，aɣi buŋsiz kɛlyrti

سېرىق ئالتۇنلارنى، ئاق كۈمۈشلەرنى، خوتۇن-قىزلارنى، ئۆركەشلىك تۆگىلەرنى ۋە يىپەكلىك رەختلەرنى ئارتۇقى بىلەن كەلتۈردى. (تۇنيۇقۇق ئابىدىسى 2-تاش، جەنۇپ يۈزى، 4-قۇر)

(4)tyryk bodun tokurfksɛn atʃsik tosik ømɛzsɛn

تۈرك خەلقى توق كۆزلۈكسەن: ئاچلىقنى توقلۇقنى ئويلىمايسەن (كۈلتېگىن ئابىدىسى جەنۇپ يۈزى 8-قۇر)

(5)kaɣani ølti boduni kyŋ kol bolti

خاقانى ئۆلدى، خەلقى قۇل-كۈلە بولدى. (كۈلتېگىن ئابىدىسى شەرقى يۈز 20-قۇر)

(6)tabgatʃ bodun tɛbliɣin kyrlyɣin ytʃyn

تابغاچ خەلقى ھىيلىگەر ۋە ساختىپەز بولغانلىقى ئۈچۈن (كۈلتېگىن ئابىدىسى شەرقى يۈز 6-قۇر)

(7)ɛtʃymiz apamız tutmıʃ jir sub idisiz bolmazun tijin

ئاتىلىرىم، دادىلىرىم ئىستىلا قىلغان يۇرت ئىگىسىز قالمىسۇن دەپ

ئابىدىلەردە ئۇچرايدىغان تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس مەسىلەن: (كونتېكست مىساللىرى قىسقارتىلدى)

adrıl az ئايرىلماق ۋە ئازماق

---

[1] تالات تەكىن : «ئۇرخۇن ئابىدىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل، 10-بەت

alkın arıl	تۈگىمەك ۋە تۈگەشمەك
ɛmgɛt tolgat	دەرد-ئەلەم بولماق
itʃik jykyn	باغلىق بولماق ۋە باش ئەگمەك
it-iɣid	تەشكىللىمەك ۋە تويغۇزماق
it jarat	ئورۇنلاشتۇرماق ۋە رەتلىمەك
øl alkın	ئۆلمەك ۋە يوق بولماق
itin jaratun	تەشكىللىمەك ۋە ئۆزىنى تۈزەشتۈرمەك
kyŋɛd kulad	قۇل-كۆلە بولماق
øɣir sɛbin	مەمنۇن بولماق سۆيۈنمەك
tir kubrat	تەرمەك ۋە توپلىماق
yaŋıl yazın	يېڭىلىشمەك ۋە خاتالاشماق

2. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى جۈپ سۆزلەر

«قۇتادغۇبىلىك»تە جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ئەسەردە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»تە بىر قانچە يۈز جۈپ سۆزئىشلىتىلگەن[1]بولۇپ بۇلارئىچىدە خىلمۇخىل تۈزۈلۈشتىكى جۈپ سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بوغوم تۈزۈلۈشى جەھەتتىنمۇ بىر بوغۇملۇق، كۆپ بوغۇملۇق، ئۇچۇق بوغۇملۇق، يېپىق بوغۇملۇق دىگەندەك خىلمۇخىل بوغۇم تۈزۈلۈشتىكى سۆزلەردىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. مەسىلەن:

(1061) <u>ot ɛm</u> qalmadı kør nɛtʃɛ qıldılɛr
jaraʃıq nɛ ersɛ anı bɛrdilɛr

داۋا دورا قالماي، بارىن قىلدىلەر،
نىمىكى ياراشسا ئۇنى بەردىلەر.

بۇ بېيىتتىكى ot ɛm دىگەن جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ ھەرئىككىسى يېپىق بوغوم، ۋە يەككە بوغۇمدىن تەركىب تاپقان. سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ئىسىمغا تەۋەدۇر.

[1] ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار : «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى»[M] ، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتتى نەشرىياتى 2001-يىل 134-بەت

(3500) uluʃ kɛnd itʃindɛki ɛdgy nɛtʃɛ
Saŋa søzlɛdim emdi adra sɛtʃe

شەھەر كەنتتە نەچچە ياخشىلىقلار بار،

ساڭا ئېيتتىم ئوچۇق-تەكرار ۋە تەكرار.

بۇ بېيىتتىكى adra sɛtʃe دىگەن جۈپ سۆز تەركىبىدىكى ھەر ئىككى سىنونىم ئىككى بوغۇمدىن تەركىب تاپقان يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەردۇر.سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن رەۋىشتۇر.

(501) bu aj toldı øzkɛ kør ɛtti ɛʃig
adaʃtı kɛŋɛʃti bir atlıɣ kiʃig

ئۆزىگە ئاي تولدى تاپتى بىر قاياش،

تۇتۇپ دوست كېڭەشتى، بولۇشتى ئاداش.

بۇ بېيىتتىكى adaʃtı kɛŋɛʃti دىگەن جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ ھەرئىككىسى ئۈچ بوغۇملۇق بولۇپ سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن پېئىلغا تەۋەدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك»تە يۇقىرىقىدەك تەڭ بوغۇملۇق سىنونىملاردىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەردىن تاشقىرى ئالدى-كەينىدىكى سىنونىملارنىڭ بوغۇم سانى ئوخشىمايدىغانلىرىمۇ خېلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىدە ئالدىدىكى سۆزنىڭ بوغۇم سانى كۆپ بولسا بەزىلىرىدە كەينىدىكى سۆزنىڭ بوغۇم سانى كۆپ بولۇشتەك ئەھۋاللارنىڭ ھەر ئىككىلىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

(2990) boʃ azad kiʃi bartʃa ɛdgy qulı
bularqa atʃa bɛrgy ɛdgy yoli

ئازاد-ھۆر كىشلەر ياخشىلىق قۇلى،

بۇلارغا ئېچىپ بەر ياخشىلىق يولى.

بۇ بېيىتتا boʃ azad دىگەن جۈپ سۆزنىڭ ئالدىنقى سىنونىمى بىر بوغۇملۇق، كېيىنكى بىر بوغۇمى، ئىككى بوغۇملۇق سۆز بولغان، بۇ سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن سۈپەتكە تەۋەدۇر.

(304) tymɛn miŋ ty ɛrdɛm økyʃ øgdilɛr
uquʃ birlɛ qılmıʃ ytʃyn øgdilɛr

تولا ئالقىش ئالغان تۈمەن پەزىلىلەر

قىلىنغاچ ئەقىل بىرلە ماختالدىلەر

بۇ بېيىتتىكى tymɛn miŋ دىگەن جۈپ سۆز boʃ azad نىڭ ئەكسىچە، ئالدىنقى سىنونىمى ئىككى بوغۇمدىن كېيىنكى سىنونىمى بىر بوغۇمدىن تەركىب تاپقان سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن سانلارغا تەۋەدۇر.

بۇلاردىن باشقا 283-بېيىتتا ئۇچرايدىغان aziɣliɣ kyr («باتۇر، جەسۇر» دىگەن

مەنىدە) دىگەن جۈپ سۆزنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى 3+1 شەكىلدە، 183-بېيىتتا ئۈچرايدىغان tykɛr alqinu («تۈگەر-يوقىلۇر» دىگەن مەنىدە) دىگەن سۆز بوغۇم تۈزۈلۈشى جەھەتتىن 2+3 شەكىلدە كەلگەن. ئەلۋەتتە بۇلاردىن باشقا خىل بوغۇم تۈزۈلۈشگە ئىگە جۈپ سۆزلەرمۇ، مەنىداش سۆزلەردىن تەركىپ تاپقانلىرىمۇ، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەردىن تەركىپ تاپقانلىرىمۇ بار، بۇنداق خىلمۇ خىل بوغۇم تۈزۈلۈشى ۋە ئىپادە شەكىللىرىگە ئىگە جۈپ سۆزلەر قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى پاساھەتى ۋە گۈزەللىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

3. چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى جۈپ سۆزلەر

چاغاتاي تىلى فونىتىكا، گراماتىكا ۋە ئاساسى لۇغەت فوندى جەھەتتىن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاش بىلەن بىرگە ئەرەپ-پارىس تىللىرىنىڭ خېلى زور تەسىرىگە ئۇچراپ، نۇرغۇنلىغان ئەرەپچە- پارىسچە سۆز-ئىبارىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقى ۋە بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇھال مۇقەررەر ھالدا جۈپ سۆزلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، جۈپ سۆز تەركىبىدىكى نۇرغۇن قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا خاس سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئەرەپ پارىس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىگىلىگەن.
مەسىلەن: ھەمدۇ-سانا، ھۆر-پەرى، ئەيش- ئىشرەت، ئەدەب-ئەخلاق
يەنە بىرتەرەپتىن ئەرەپ پارىس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىشى ۋە ئەسلىدىكى بىرقىسىم قەدىمقى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ ئىسلام ئەقدىسى ۋە زىھنىيتىگە ئۇيغۇن بولماسلىقى بىلەن ئىشلىتىلمەسلىكى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەرنى ئۇنتۇلۇپ كىتىشىگە سەۋەپ بولغان.
چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى جۈپ سۆزلەردە بولغان ئەڭ مۇھىم گەۋدىلىك بىر ئۆزگىرىش جۈپ سۆز تەركىبىدىكى ئالدىنقى سۆزنىڭ بوغوم ئاخرىنىڭ يېپىق بوغۇمدىن ئۇچۇق بوغۇمغا مايىل بولۇشىدۇ. ئەرەپ- پاراس تىلىنىڭ تەسرى ۋە ئارۇز ۋەزنىدىكى ئۇزۇن-قىسقا سۇزۇق تاۋۇش ئۆلچىمى سەۋەبىدىن ئالدىنقى سىنونىمى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا ئۇنىڭ كەينىگە «-ۇ» ياكى «-ى»تاۋۇشنى قوشۇپ ئۇچۇق بوغومغا ئايلاندۇرۇش خاھىشى كۈچەيگەن. مەسىلەن:
ئەيش-ئىشرەت (ئەيشى-ئىشرەت.)
كەيىپ-ساپا (كەيپى ساپا)
ھۆر-پەرى (ھۆرۇپەرى)
چاغاتاي تىلى دەۋرىدە شېئىرىيەت ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ژانىرى بولۇپ ھساپلىنىدۇ. جۈپ سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغاچقا شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىن

قاپىيە ئۆلچىمىگە بىر قەدەر تەسىرەك ئۇيغۇنلىشىدۇ. شۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ۋاقىتتىكى ماھىر تىل سەنئەتكارلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە جۈپ سۆزلەرنى شېئىرىيەتنىڭ تەلپىگە لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ ئەكسىچە تىلنىڭ ئىخچام، مەنانىڭ كەڭ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. مەسىلەن:

سىپاھدىن تولا كۆردىلەر يەر يۈزىن

قارا ئەيلەبان دەھر تاغۇ تۈزىن

-ناۋائىي

رىشتەئىي ھىجرانىمۇ بۇ يا سۇنبۇلى باغۇ بېھىش

ئاھ دۇدىدىن نىشان يا زۇلفى ئەنبەر سامۇدۇر.

-ئەرشى

قىلدۇرۇڭ سىز يانە بۇ ئەرزىمنى، ئەي ئەھبابلەر.

جەۋر-زۇلمى بىرلە ئاسسۇن شۇم رەقىبنى دارغە

-قەلەندەر

يۈزۈڭنى قىلۇر تازە كۆزۈم ياشىيۇ ئاھىم،

گۇل تازە بولۇر تاپسە بەلۇ ئابۇ ھەۋانى.

-سەككاكى

تاپالماي قىزىدىنكى نامۇ نىشان

غەم ئەندۇھ بىرلە يۈتار ئىردى قان.

-نىزارى

نەزمى ئەسەرلەردىن باشقا نەسرى يول بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق جۈپ سۆزلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇمى ئادەت سۈپىتىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبى تىلدا ئومۇملىشىپ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاكابىر-ئەشراف، ئۇمەرا-ۋۇزەرا، ئۇلەما-ئەۋلىيا، ھەممەسى ھازىر بولدىلار. ئالۋان-ئالۋان تائاملارنى تارتىپ دەستۇرخاننى يىغىپ بولغاندا بابىر شاھ مۇسىقىيغا ئىشارەت قىلىپ ئەردىلەر

«تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دىن

دارىيادىن گەۋھەر غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن جىلۋە نامايىش قىلۇر.

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»

سۆزىدىن ئەقىل-ئىدراكى، فەھىم-فەراستى بىلىنىپ تۇرار ئەردى

موللا سىدىق يەركەندى «فەرھاد-شىرىن»

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلاپ شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، جۈپ سۆزلەر ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە، يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتلىرىدا، ئىزچىل ئىشلىتىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانلىرىغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھېچبىر تارىخى دەۋرلىرىدە جۈپ سۆزلەر ئۇچرىمايدىغان مەزگىلنى تاپالمايمىز. بۇھال بىزنىڭ

جۇپ سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتىنى ئىگىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

4. «مايتىرى سىمىت » تا جۈپ سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى

4-1. «مايتىرى سىمىت » تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

قەدىمقى تۈرك تىلى جۈملىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى جۈپ سۆزلەرگە ئىنتايىن باي بىر تىل بولۇپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ لۇغەت سۇستاۋىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. «مايتىرى سىمىت»تىكى جۈپ سۆزلەرنى سانىنىڭ كۆپلىكى، تۈزۈلۈشىنىڭ كۆپ خىللىقى، مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە بايلىقى، سىمانتىكىلىق مەنە قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلىقى، شۇنىڭدەك، بەدىئىي سەنئەت ماھارىتىدىكى خاسلىقلىرى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەدىئىي كۈچىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئەسەرتىلىنى نەپىسلىككە ئىگە قىلغان. «مايتىرى سىمىت»تا قوللىنىلغان جۈپ سۆزلەرنىڭ
سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بىر جۈملىدە ھەتتا بىرقانچە سۆز
تەڭلا ئىشلىتىلىدىغان، مەنىداش جۈپ سۆزلەرنى يانداشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان
ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

amraq øgintin qaŋıntın adralmıʃ osuɣluq bolup mıŋ mıŋ tymɛn tymɛn ɛrɛn iʃilɛr uluɣ kitʃig oɣlanqa buluŋtın jiŋaqtın tojin toin jıɣılıp ıɣlaju sıɣtaju tyzyn majtriqa jaqın kɛlip aɣar ajamaqın intʃɛ tɛp tɛdilɛr

(2 6b 14~20)

مەنىسى:

خۇددى ئامراق ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئەر-ئاياللار، ئۇلۇغ- ئۇششاق ئوغلانلار(باللار) غىچە (ھەممىسى) توپ-توپ بولۇپ يىغىلىپ، يىغا-زارە قىلىشىپ، تۈزۈن مايترىغا يېقىن كېلىپ مۇنداق دېيىشتىلەر

بۇ ئەگەشمە مۆچىلىك قوشما جۈملىدە بىراقلا يەتتە جۈپ سۆز ئىشلىتىلىپ شۇ ۋاقىتتىكى ھال-كەيپىياتلار ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

يەنە تۈۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى:

tɛŋri tɛŋrisi burχanɣ tataɣlaq sytʃiglig aʃın itʃgyn jıdlaɣ jıparlaɣ tytsykin tapanmıʃ udunmıʃ ɛrmiʃ

(3 1b 15~17)

مەنىسى: تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى تاتلىق چۈچۈك ئاش تائاملار، ئىپارلىق خۇشپۇراقلار بىلەن كۈتۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەنىكەن.

بۇ مىسالدا، قىسقىغىنە بىر جۈملىدە تۆت جۈپ سۆز ئىشلىتىلگەن. يەنە كېلىپ ئۇلار ئوخشىمىغان سۆز تۈركۈملىرىدىن بولۇپ ئوخشاش بولمىغان گرامماتىكىلىق ۋەزىپىلەرنى

ئارتقۇرغان، يەنى «aʃın itʃgyn» ئىسىم، «tataɣlaq sytʃiglig» ۋە «jıdlaɣ jıparlaɣ» سۈپەت، «tapanmıʃ udunmıʃ» پېئىللاردىن ئىبارەت بولغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەنىداش ياكى مەنىسى يېقىن سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ مەنانى كېڭەيتىپ ئاز سۆز بىلەن ئابستىراكىت مەنىنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكەن.

مۇشۇ ئىككى مىسالدىنلا جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«مايتىرى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىدىن يەنە، جۈپ سۆز ياسىغۇچى تەركىبلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈپ يېڭى جۈپ سۆزلەرنى ياساپ ئۇيغۇرتىلى لۇغەت فوندىنى بېيىتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

qaju djan samar kytʃintɛ (0 4b 23)

مەنىسى : قايسى ديان سامار كۈچىدە

بۇنىڭدىكى djan samar دىگەن جۈپ سۆز سانسكرىتچىدىكى «سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش»، «يامانلىقتىن ۋاز كېچىش»، «ساۋاب ئورمانلىقى» دىگەن مەنىدىكى [Dhayāna] دىگەن سۆز بىلەن ئۇنىڭ مەنىداش سۆزى بولغان سانسكرىتچىدىكى [Samādhi] دىگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بولۇپ، بۇددىستلارنىڭ چوڭقۇر پىكىر تەپەككۇرلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

χ ua tʃɛtʃɛklig jaɣmur jaɣdı (1 15a 18)

مەنىسى: گۈل-چىچەكلىك يامغۇر ياغدى.

بۇ مىسالدىكى χ ua tʃɛtʃɛklig دىگەن جۈپ سۆز خەنزۇتىلىدىكى χ ua (يەنى «花») سۆزى بىلەن ئۇيغۇرچە سۆز tʃɛtʃɛk (چىچەك) دىگەن سۆزنىڭ بىرىكىشى بىلەن ياساپ چىقىلغان.

«مايتىرى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەر تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرى بويىچە تۈرغۈن سۆزلەر (ئىسىم خاركتىرىدىكى سۆز تۈركۈملىرى) ۋە پېئىل خاراكتىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ھەرخىل سۆز تۈركۈملىرىدىن ياسالغان جۈپ سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

(1) ئىسىملاردىن ياسالغان جۈپ سۆزلەر:

jalıŋ yorır tɛrs nomluɣ dintarlarıɣ qutqarɣalır ytʃyn uwıt ujat ıtʃɣınu jalıŋ tonsuz tʃopan olarnı birlɛ katelu jorıp qutɣaru jarlıqadı (0 4a 5~9)

مەنىسى:

يالىڭاچ يۈرىدىغان تەرس نوملۇغ دىنتارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئار-نومۇسنى قايرىپ

قويۇپ، ئۇلار بىلەن قېتىلىپ يۈرۈپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قويىدى.

بۇنىڭدىكى uwɪt ujat دىگەن جۈپ سۆز قەدىمقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا «هايا»، «نۇمۇس» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان uwɪt دىگەن ئىسىم بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىمۇ قوللىنىلىپ كىلىۋاتقان ujat دىگەن ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. بۇنداق جۈپ سۆزلەر «مايترى سىمت»تا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ɛd tawar (1 7b 23) (مال-مۈلۈك)

ɛtig jaratɪɣ (1 9a 20) (زىبۇ-زىنىنەت)

iʃ kydyk (1 13a 14) (ئىش-ئەمەل)

(2)سۈپەتلەردىن ياسالغان جۈپ سۆزلەر

…..ɛryʃ ykyʃ tɪnlɪɣlar-qa syŋ tajaq qɪlɣajmɛn n ɛŋ baɣʃɪ atɪn antʃa uluɣ iʃ iʃlɛgeli umaɣaj-mɛn.(5 10a 1~3)

مەنىسى: كۆپلىگەن-نۇرغۇنلىغان جانلىقلارغا ياردەم قىلغايمەن. (لىكىن) ئۇستاز نامى بىلەن ئۇنداق ئۇلۇغ ئىشنى ئىشلىيەلمەيمەن.

بۇنىڭدىكىɛryʃ ykyʃ مەنىداش ئىككى سۈپەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ سۈپەت سۆز تۈركۈمىگە تەۋەدۇر

بۇنداق سۈپەت سۆزلىرى «مايترى سىمت»تا ناهايىتى كۆپ بولۇپ، مەدھىيە سۆزى تەركىبلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇنداق خاراكتىردىكى سۆزلەرنى كەڭ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

jɪlɪɣ jumʃaq (1 7a 26) (ئىللىق-يۇمشاق)

uluɣ kytʃlyg (1 13a 19) (ئۇلۇغ-كۈچلۈك)

jalɪŋ tonsuz (0 4a 4) (يالىڭاچ-تونسىز)

ɛzyk jalɣan (1 14a 20) (يالغان ياۋىداق)

(3) پېئىللاردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر:

پېئىللاردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەرمۇ «مايترى سىمت»تا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئىككى پېئىلنىڭ ياندىششى ئارقىلىق جۈملە خەۋىرىدە ئىپادىلەنمەكچى ئوي پىكرنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ جۈملىنىڭ ئىپادە ئۈنۈمى ئاشۇرۇلغان. مەسىلەن:

biliksiz biliklig qaraɪɣ tynɛrigdɛ munmɪʃ azmɪmʃ tɪnlaɣlarqa kyn tɛŋri osuɣluɣ abidaram aɣɪlɪq em yruntɛg bolur (0 7b 6~9)

مەنىسى:

بىلىمسىز نادان، قاراڭغۇ تۈنلەردە قايمۇققان، ئازغان جانلىقلارغا كۈن تەڭرىگە ئوخشاش ئابىدارام خەزىنىلىك شىپالىق دورا- دەرمان بولۇر.

بۇنداق پېئىل تەركىبلىك جۈپ سۆزلەر دىن خېلى بار مەسىلەن:

øtkyrmiʃ typkɛrmiʃ (3 a 19) (ئۆزلەشتۈرگەن، تەتقىق قىلغان)
tɪdɪŋ qoduŋ (4 4a 17) (توختىتىش تاشلاش)
øgyry sɛwiny (1 13b 16) (شادلىنىپ سۆيۈنۈپ)
ɛdu ɛdɪnu (1 16a 1) (ئەجەپلىنىپ، ھەيران بولۇپ)

(4) رەۋىشلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر:

badari baraman bu muntaɣ tyrlyg øŋrɛ kisrɛ ɛʃidmɛdyk tɛŋri tɛŋrisi burχan-nɪŋ ɛdgy atɪn kysin ɛʃidip alqu ɛtøzintɛki-I ty tyblɛri barqa juqaru turdɪ (1 14b 5~9)

مەنىسى:

باداري براماں تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ مۇشۇنداق تۈرلۈك ئىلگىرى- كېيىن ئىشىتىپ باقمىغان ياخشى نام-شۆھرىتىنى ئىشىتىپ، پۈتۈن بەدىنىدىكى تۈكلىرىنىڭ ھەممىسى يۇقىرى (تىك) تۇردى.

بۇ جۈملىدىكى øŋrɛ kisrɛ دېگەن سۆز ئىلگىرى-كېيىن دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ۋاقىت رەۋىشى،

جۈملىدە ئۆتەيدىغان گىراماتىكىلىق ۋەزىپىسى جەھەتتىن ھالەت بولۇپ كەلگەن.

تۆۋەندىكى سۆزلەرمۇ رەۋىشلەردۇر:

tynlɛ kyntyz (1 15b 26)(كېچە-كۈندۈز)
aqru aqru (2 1a 7) (ئاستا-ئاستا)
ɪraq yaɣuq (2 1b 30) (يىراق-يېقىن)
basa basa (2 2a 3) (كەينى-كەينىدىن)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا سان، ئالماش، قىستۇرما سۆزلەردىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆز تۈرلىرى بار

سانلاردىن:

miŋ miŋ (1 10b 1) (مىڭ مىڭ، مىڭلىغان)
tymɛn tymɛn (1 10b 2) (تۈمەن-تۈمەن، تۈمەنلىگەن)
bir bir (2 7a 6) (بىردىنبىر)
jyz jyz (3 9b 5) (يۈز-يۈز، يۈزلىگەن)

ئالماشلاردىن:

qaju qaju (4 5a 2) (قايسى قايسى)
adɪnu adɪnu (2 8a 18) (ھەر قايسسى)
kɛntu øzi (3 1b 9) (ئۆزى، ئۆز-ئۆزى)

قىستۇرما سۆزلەر (مودال سۆزلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ئالاھىدە سۆز تۈركۈمى بولۇپ، سۆزدىكى

مەزمۇن بىلەن پىكىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، قىستۇرما سۆز ئارقىلىق سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتىلىۋاتقان مەزمۇنغا نىسبەتەن پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

…bygynki kyn mɛn tykɛl bilgɛ tɛŋri tɛŋrisi burχanniŋ nominta sizksiz saqɪɣsiz tojɪn dintar bolur mɛn…(2 13b 18~21)

مەنىسى:

...بۈگۈنكى كۈن مەن تۈگەل دانا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ نومىدا شەك-شۈبھىسىز تويىن، دىنتار بولىمەن...

يۇقىرىقى جۈملىدە sizksiz saqɪɣsiz دېگەن قىستۇرما سۆز ئوي-پىكىرگە نىسبەتەن جەزىملەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بىر قاتار مىسال جۈملىلەردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، «مايترى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەسەردە ئىگىلىگەن سالمىقى ۋە ئوينىغان رولى ئادەتتىكىچە تۈزۈلۈشتىكى سۆزلەرگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭدەك باشقا يازما يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندىمۇ پەرقلىق هالدا ئەسەرنىڭ خاسلىقى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

2-4. «مايترى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاھاڭدارلىق.

جۈپ سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دەل فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەردىن ئىبارەتتۇر. جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى، ئورۇن تەرتىپى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى، رېتىم ۋە قاپىيىگە ئىگە بولۇشتەك بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر رول ئوينىغان بولىدۇ. بولۇپمۇ جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىنتايىم مۇھىم ئېستېتىكىلىق رولى ھېساپلىنىدىغان رېتىم، ئاھاڭدارلىق ۋە قاپىيە قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى بىر خىل ئالاھىدە فونېتىكىلىق ھادىسە سۈپىتىدە تىلدا سىنگارمونىزىملىق خۇسۇسىيەت پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەت ئەسەر تىلىغا شېئىرى تۈس بېغىشلايدۇ. ئادەتتىكى تىلدا بىلدۈرۈش ، شېئىرى تەسىرلەندۈرۈش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا جۈپ سۆزلەردىكى رېتىم، ئاھاڭدارلىق ۋە قاپىيە قاتارلىق شېئىرى تىل خۇسۇسىيىتى جۈپ سۆزلەرنى نەسرى تىل ياكى ئادەتتىكى نۇتۇق ئىچىدە تۇرغاندىمۇ يوقىلىپ كەتمەيدىغان بەدىئىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغان. جۈپ سۆزلەردىكى قاپىيە ئاساسلىقى جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ باش ياكى ئاخىرىدىكى سۇزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. تۆۋەندە جۈپ سۆزلەردىكى قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتنى چۆرىدىگەن ئاساستا

شۇنىڭغا باغلىق بولغان فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

قاپىيە- شېئىرىي تىلنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۆزىگە خاس بولغان قاپىيىچانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. يەنى مۇشۇ تىلنىڭ ئادەتتىكى فورمىسىدىن قاپىيىلىك تەركىبلەرنى كەڭ تاپقىلى بولىدۇ. بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە بىر مورفولوگىيىلىك شەكىلنىڭ ئوخشىمىغان بىرقانچە خىل شەكلى بار، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ «-لار، -لەر»، رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنىڭ «پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ»، سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىنىڭ «-غان، -قان، -گەن، كەن» دىگەندەك. ئادەتتە قاپىيىداش بولمىغان ئىككى سۆز ئوخشاش تۈردىكى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنسە ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا قاپىيىداش سۆزگە ئايلىنالايدۇ. مەسىلەن: «ئۈچ»، «قىل» دىگەن قاپىيىداش بولمىغان پېئىل سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنسە «ئۈچقان»، «قىلغان» دىگەن شەكىلدە قاپىيىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىدۇ. دىمەك، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىلا بىرخىل شېئىرى تىلغا خاس يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئادەتتىكى نوتۇقتا ئىشلىتىدىغان سۆزلەردىنمۇ مۇشۇنداق قاپىيە ۋە ئاھاڭدارلىق تېپىلىدۇ. بۇ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مۇشۇنداق . مەسىلەن:

iglig kɛmlig (1 14b 15) (ئاغرىق-سىلاقلىق)

بۇ جۈپ سۆز تەركىبىدىكى ئىككى سىنونىم ئەسلىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا «ig» («كىسەل، ئاغرىق دىگەن مەنىدە»)،[①] «kɛm»(ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى «كەم» دىگەن سۆز بىلەن ئوخشاش) ئىككى سۆزدە ئەسلىدە ھېچقانداق قاپىيىلىك خۇسۇسىيەت ئىپادىلەنمەيدۇ. ئەمما ئۇلار قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەندىن كىيىن قاپىيىچانلىققا ئىگە بولغان. مانا مۇشۇنداق يول بىلەن قاپىيىلىك بولغان سۆزلەردىن «مايترى سىمت»تا خېلى بار بولۇپ بۇلار قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىدىكى مۇشۇخىل ئەۋزەللىكنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتىدۇر. مەسىلەن:

ylgysyz sansɪz (1 16a 3) (ئۆلگىسىز سانسىز)

jiwig tizig (2 1a 22) (زىبۇ زىننەت)

øgmɪʃ alqamɪʃ (1 6b 3) (مەدھىيىلىنىش، ئالقىشلىنىش)

ikin ytʃin (1 2a 11) (ئىككى-ئۈچى)

دىمەك، مەيلى قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى بولسۇن قاپىيىچانلىق ئۇلاردىكى مۇھىم خاركتىرلىگۈچى سۈپەتتۇر. شۇڭا نۇرغۇن نەسرى يول بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرىمىز (مەسىلەن: «مەڭگۈ تاشلار»، «ئىرقى بىتىك» قاتارلىقلار) نىڭ چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن نەزمى ئەسەر دەپ قارىلىپ

[①] «تۈركى تىللار دىۋانى» (يېڭى نەشرى 1-توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل، 48-بەت

قېلىشىمۇ سەۋەپسىز ئەمەس. بۇنداق قاپىيىچانلىقنا بولغان ئادەت-ئىشتىياق خەلقىمىزنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر قاتلاملىق تىل ۋە تەپەككۇر ئادەتلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، جۈپ سۆزلەرنىڭ فونىتىكىلىق قۇرۇلمىسىدىن بۇنداق ئادەتنىڭ تەسىرىنى بايقىيالايمىز. جۈپ سۆزلەرنىڭ قاپىيىلىنىش يولى ئادەتتە مۇنداق ئىككى خىل يول بويىچە بولىدۇ:

(1) ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەت

جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ ئاخىرىدىكى بوغۇم ياكى بىر- ئىككى ھەرپ تەكرارلىنىش نەتىجىسدە ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەت گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

arɪɣɪn turuɣɪn (3 3a 20) (ساپ-تازا)

ɛrk tyrk (0 8b 30) (كۈچ-قۇدرەت)

antʃa muntʃa (2 13a 8) (ئانچە مۇنچە)

jɛk itʃkɛk (0 9a 6) (جىن-ئالۋاستى)

(2) باش قاپىيىلىك خۇسۇسىيەت

ھازىر قاپىيە دىگەندە كۆپىنچە ئاياغ قاپىيە كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى. ئەمما مەسىلىگە تارىخى نوقتىدىن قارىغاندا ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتنىڭ بەدىئىي شەكىللىرىمىز ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقنى بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمىتى ئارات توپلاپ نەشر قىلدۇرغان «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بۇددا دىنى مانى مۇھىتىدا يېزىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى باش قاپىيىلىكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى ئالىملار باش قاپىيىنى ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھىم بىر شېئىرى ئۆلچەم بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. (مەسىلەن: تالات تەكىن، رەشىت رەھمەتى ئارات) ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە باش قاپىيىلىك شېئىرلارنى ئانچە كۆپ ئۇچرىتالمىساقمۇ، لىكىن بۇنداق بەدىئىي شەكىلنىڭ ئىزنالىرىنى بىر قىسىم ماقال-تەمسىللىرىمىزدىن تاپالايمىز. مەسىلەن: «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە»، «تۈگمىنى دەپ تۈگىدىن قۇرۇق قالماق»

ئوخشاشلا، قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى، جۈملىدىن «مايتىرى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ قاپىيىلىنىش يولى دەل باش قاپىيىلىك بولۇشتىن ئىبارەت. جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تەكرارلىنىش ئارقىلىق باش قاپىيە ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

bilgɛ biliklig (3 6b 18) (ئەقىل-پاراسەتلىك)

tolu tykɛl (4 10b 10) (تولۇق-تۈگەل)

kytʃi kysy (4 15b 24) (كۈچ- قۇۋۋەتى)

tɛrs tɛdry (4 15b 5) (كاج-تەتۈر)

jɪlɪɣ jumʃaq (1 7a 27) (ئىللىق-يۇمشاق)

«مايتىرى سىمىت»تا يەنە شۇنداق جۈپ سۆزلەر ئۇچرايدۇكى، ئۇلاردا يۇقىرىدا ئېيتىلغان باش ھەم ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى تېپىلىدۇ. مەسىلەن:

jaruq jaʃuq (4 10b 10) (نۇر-يورۇقلۇق)
tɛlim tɛsim (0 12a 11) (غەم-ئەندىشىسىز)

«مايتىرى سىمىت»تىكى بەزى جۈپ سۆزلەر قاپىيىلەنمەيدۇ. يەنى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان قاپىيىلىنىش تۈرىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە بولمايدۇ. ئەمما ئۇلاردىكى بوغۇم تۈزۈلۈشى، سىنونىملارنىڭ مەنە مۇناسىۋىتى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سەۋەپلىك تەلەپپۇزدا ھېچقانداق غەيرىلىك پەيدا بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلار خۇددى ئەسلىدىلا بىر سۆزدەك زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن:

alp ɛrdɛmlig (4 5b 5) (باتۇر پەزىلەتلىك)
ʧoɣ jalɪn (4 10b 24) (چوغ-يالقۇن، شانۇ شەۋكەت)
qut bujanliɣ (3 6b 25) (بەخت-سائادەتلىك)

4-3. «مايتىرى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ۋە سىمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

جۈپ سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىدا فونىتىكىلىق قانۇنىيەتلەردىن سىرت تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ سىمانتىكىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. تىلدىكى ھەممىلا ئىككى سۆزنى يانداشتۇرۇپ قوللىنىپ جۈپ سۆز ھاسىل قىلىش مۇمكىن بولىۋەرمەيدۇ. ئىككى سۆز مەلۇم ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان شەيئى ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن شارائىتتىلا ئاندىن جۈپ سۆزلەر تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن زىچ بىرىكىپ جۈپ سۆزلەرنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. مەسىلەن:

ix kødyk (0 9a 2) (ئىش ئەمەل)
øg qaŋ (4 16b 25) (ئاتا-ئانا)
aʃ itʃgy (3 8b 6) (ئاش-ئىچكۈ.يىمەك-ئىچمەك)
ton ɛtyk (2 1a 22) (تون-ئۆتۈك)
aɣi baram (4 2a 23) (مال-دۇنيا)

يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جەھەتتىن بىر-بىرىگە ياندىشالايدىغان بىرىكىش كۈچىنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇنداق بىرىكىش كۈچى جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لېكسىكىلىق ۋە سىمانتىكىلىق مەنە مۇناسىۋىتى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇنداق سۆزلەر ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلىش داۋامىدا تۇراقلىشىپ شەكىللەنگەن

تىل ئادىتى ۋە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىل مەنە پەرقلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ۋە قايسى سۆزلەر بىلەن بىرىكىش، قانداق قوشۇمچىلار بىلەن تۇرلىنىشمۇ خالىغانچە بولمايدۇ. خۇددى «ئاسمان-زېمىن» دېگەن جۈپ سۆزنى ئۆزگەرتىپ «ئاسمان-يەر» دېگىلى، «يەر-جاھان»نى «يەر-دۇنيا» دېگىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش. جۈپ سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدە رول ئوينايدىغان سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرمۇ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملار ئوخشاش بىر تۈردىكى چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

jɛr suw (1 10a 4) (يەر-سۇ، كائىنات)

kɛzigintɛ tizigintɛ (1 14b 24) (قاتارىدا، رېتىدە)

kɛnt uluʃ (3 10b 14) (ئەل شەھەر)

taluj øgyz (4 11a 13) (دېڭىز دەريا)

ɛlk adaq (2 10b 27) (قول-پۇت)

تەركىبىدىكى سىنونىملىرى ئوخشاش بىر تۈردىكى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بۇنداق جۈپ سۆزلەردە جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت سىمانتىكىسى موھىم رول ئوينايدۇ. يەنى بۇنداق جۈپ سۆزلەردە ئىپادىلەنگىنى ئېيتىلغان ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئاددى ھالدىكى يىغىندىسى بولماستىن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ بىر دائىرە ئىچىدە كۆرسىتىلىشىدۇر.

2. جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملار قارىمۇقارشى، زىت مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

tynlɛ kyntyz (4 2a 3) (كېچە-كۈندۈز)

tuɣa øly (2 4a 21) (تۇغۇلۇپ، ئۆلۈپ)

aɣa tɛgily (2 4a 22) (ئۆرلەپ- چۈشۈپ)

joɣun intʃkɛ (2 4b 3) (توم-ئىنچىكە)

uluɣ kiqik (2 6b 16) (چوڭ-كىچىك)

بۇنداق جۈپ سۆزلەردە ئۇقۇمنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى، مەنپىي، مۇسبىي ھالەتلىرى تەڭلا كۆرسىتىلىدىغان بولغاچقا بۇنداق سۆزلەردىكى جەملەش، ئومۇملاشتۇرۇش سىمانتىكىسى ئالدىنقى تۈردىكى سۆزلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى بولىدۇ.

3. جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملار ئۆزئارا مەنىداش ياكى مەنىسى يېقىن بولغان ياكى ھېچبولمىغاندا مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

munmiʃ azmiʃ (0 7b 7) (قايمۇققان،ئازغان)

awantɪ tɪltaqɪ (0 8b 30) (ۋەج-سەۋەبى)

uqtiɪ bilti (1 14b 1) (ئۇقتى، بىلدى)

idiz yksɛg (3 11b 6) (ئېگىز،يۇكسەك)

بۇنداق جۈپ سۆزلەردە سۆزمەنىسىدىكى ئىچكە پەرقلىنىدىغان تەرەپلەر ئىپادىلىنىغان بولغاچقا سۆزنىڭ مەنا دائىرىسىدىن كۆرە، مەنا پەرقىگە بەكراق ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولغاچقا ئىستىلىستىكىلىق رولى جەھەتتىن پىكىرنىڭ دەللىكىنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ.

جۈپ سۆزلەر جۈملىدىن تەكرارى سۆزلەرنىڭ ئاساسى سىمانتىكىسى تەركىبى قىسىملارنىڭ ئايرىم مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش سىمانتىكىسىدۇر. ۋەھالەنكى، بۇنداق بىر پۈتۈن ۋە كەڭ سىمانتىكا يەنە ئۆز ئالدىغا زىل مەنە ئاھاڭلىرىغا بۆلۈنىدۇ:

ئايرىم جۈپ سۆزلەر مەلۇم بىر ئۇقۇمنى دەل ۋە ئېنىق كۆرسەتمەي، شۇ دائىرىدىكى مۆلچەر ۋە تەخمىن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ:

ikin ytʃin (1 2a 11) (ئىككى-ئۈچ)

بەزى جۈپ سۆزلەر ھەركەتنىڭ ئورۇندىلىش ھالىتى ۋە جەريانىنى بىلدۈرىدۇ:

øŋi øŋi (3 5b 5) (ئايرىم-ئايرىم)

jana jana (0 12a 27) (يەنە-يەنە)

kɛzigintɛ tɛzigintɛ (2 12a 29) (رېتى بۇيىچە)

بەزى جۈپ سۆزلەر سانىنىڭ كۆپلۈكىنى ياكى چەكسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

sansiz ykyʃ (0 12a 12) (سانسىزلىغان)

miŋ miŋ tymɛn tymen (2 7b 11) (مىڭ-مىڭ، تۈمەن،تۈمەن)

tyklg tymɛnlig (3 2b 16) (مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن)

جۈپ سۆزلەرنىڭ تەركىبى قىسىملىرى مەنىداش سۆزلەردىن تەركىب تاپقاندا،كۆپىنچە ئەھۋالدا بىرىنچى سۆزنىڭ مەنىسى پۈتۈن پۈتۈن جۈپ سۆزنىڭ مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. لىكىن بۇخىل ئالاھىدىلىكمۇ ئومۇمى قائىدە ھىساپلانمايدۇ. بەزىدە ئىككىنچى سۆزنىڭ مەنىسى پۈتۈن جۈپ سۆزنىڭ مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

alp ɛrdɛmlig (4 5b 5) (باتۇر پەزىلەتلىك)

بۇ جۈپ سۆزدىكى ئىككىنچى سىنونىم (ɛrdɛmlig) نىڭ مەنىسى يەنى «پەزىلەتلىك» دىگەن مەنىسى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەزىدە جۈپ سۆزتەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ بىرى پۈتۈن جۈپ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھامان، يەنە بىرى ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا يەنە بىرىنىڭ مەنىسىگە قاراپ ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

tøry toku (4 18a 24) (قائىدە-يۇسۇن)

بۇ جۈپ سۆزدىكى toku كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى دەماللىققا بىلەلمىسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئابىدىلەردىن تارتىپلا ئۇچرايدىغان « يۇسۇن، ئەنئەنە» دىگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانtøry سۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭ شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەدىمقى ئۇيغۇرتىلىدىكى جۈپ سۆزلەردە سىنونىملارنىڭ مەنىلىرى

ھەممىلا يەردە ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ئوزسىنونىملىرىنى ئالماشتۇرالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جۈپ سۆزنىڭ مەنىسىدىمۇ يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. بىر يەردە بىرىنچى سۆزنىڭ مەنىسى ئېلىنسا يەنە بىر يەردە ئىككىنچى سىنونىمنىڭ مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياكى ئاشۇ جۈپ سۆزنىڭ ئومۇمى مەنىسى ئاساس قىلىنىدۇ.

4-4. «مايتىرى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى

تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ مورفولوگىيىلىك تەركىبىگە قاراپ «مايتىرى سىمىت» تا ئۇچرايدىغان جۈپ سۆزلەرنى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇنىڭ بىرىنچىسى، سىنونىملىرى تۈپ سۆزلەردىن ئىبارەت بولغان جۈپ سۆزلەر، بۇنداق جۈپ سۆزلەرنى مورفېمىغا ئاجراتقاندا ئىككىلا مورفېمىغا ئاجرايدۇ. بۇ ئىككى مورفېما دەل شۇ جۈپ سۆزلەرنى تۈزۈشكە قاتناشقان سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

iʃ kytʃ (0 5a 23) (ئىش-كۈچ)
jɛr suw (1 13b 3) (يەر-سۇ)
taluj øgyz (1 16b 2) (دېڭىز-دەريا)
ɛw barq (1 13b 11) (ئۆي ۋاقا)

ئىككىنچى تۈرگە ئىككى ياسالما سۆزدىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەر كىرىدۇ. بۇنداق جۈپ سۆزلەرنى مورفېملارغا ئاجراتقاندا باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېملارغا ئاجرايدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە تۈپ سۆز ۋە ئۇلارغا ئۇلانغان قوشۇمچىلار بىللە بولغان بولىدۇ. مەسىلەن:

ɛksygsyz kɛrgɛksiz (0 10b 25) (ھەددى-ھېساپسىز)
ɛrklig tyrklyg (1 14b 27) (كۈچ-قۇدرەتلىك)
umɣsiz inaɣsiz (2 6b 22) (ئۈمىدسىز،ئىشەنچسىز)
ɛtip jaratıp (1 6a 16) (ئېتىپ، يارىتىپ)
iʃim kydykym (4 6b 18) (ئىش- ئەمەللىرىم)

بەزىدە جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ بىرى تۈپ سۆزدىن (يەنى بىرلا باش مورفېمىدىن). يەنە بىرى ياسالما سۆزدىن (يەنى بىر باش مورفېما، يەنە بىر ئەگەشمە مورفېما)دىن تەركىب تاپىدۇ.

sansiz tymɛn (2 17b 21) (سانسىز تۈمەن)
qut bujanliɣ (1 15a 3) (بەخت-سائادەتلىك)
baj baramlaɣ (0 12a 12) (باي پاراۋان)

«مايتىرى سىمىت» تىكى ياسالما سۆزلەردىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەرنىڭ ئومۇمى

ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان. سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار:

-ʧiɣ / -ki/ -lyk/ -lyg/ -lik, / -lɪg/ -lɪq/-lɪɣ/

سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئىنكار شەكىللىرى:

-siz / -sɪz

بۇنداق سۈپەت خاراكتېرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى، ئەسەردىكى مەدھىيە —تەۋسىف سۆزلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ مۇستەقىل ھالەتتە بولۇشىدۇر. بۇنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن چۈشىنىش مۇمكىن:

بىرى: جۈپ سۆزلەرگە تۇرلۇك تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا قوشۇمچە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم-ئايرىم ھالەتتە ئۇلىنىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

ɛw barq (1 13b 11) (ئۆي ۋاق)

ɛwdɛ barqta (1 15a 22) (ئۆي ۋاقدا)

ɛwdin barqtin (3 2a 3) (ئۆي ۋاقدىن)

ɛwig barqiɣ (3 3b 19) (ئۆي ۋاقنى)

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار كۆپىنچە جۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى سىنونىمغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ جۈپ سۆزلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىل ئىستىمالى جەريانىدا تەدرىجى قېلىپلىشىپ تۇراقلىق شەكىلگە كىرگەنلىكىدىن دىرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، جۈپ سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ھەربىر سىنونىمغا ئايرىم-ئايرىم ئۇلىنىدىغان ئەھۋاللار ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىمۇ پۈتۈنلەي يوقالغان ئەمەس. بۇنى بىز ئېغىزاكى تىل ئىستىمالىمىزدىن يەنىلا ئۇچرىتىپ تۇرالايمىز. مەسىلەن: تاغدىن- باغدىن (سۆزلىمەك)، ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا (دەپ يۈرمەك) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يەنە بىرى، جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۇلارنىڭ ئۆز تەركىبلىرىنى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە ئەركىن ئالماشتۇرالايدىغانلىقىنى ياكى سۆز تەرتىپلىرىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ylgysyz sansiz (1 16a 2) (نۇرغۇن سانسىز)

sansiz ykyʃ (2 7b 25) (سانسىز نۇرغۇن)

sansiz tymɛn (1 16b 13) (سانسىز تۈمەن)

يۇقىرىدىكى مىساللاردا، « sansiz » سۆزى ئىسىم، سۈپەت، سان قاتارلىق ئوخشىمىغان سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىپ كېلەلىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ جۈپ سۆز تەركىبىدىكى ئورنىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان. جۈپ سۆز تەركىبىدىكى بۇنداق نىسپىي مۇستەقىللىقنى قەدىمقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى مول لېكسىكا بايلىقى (بولۇپمۇ مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى).

تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈپ ئوخشىمىغان تىل مۇھىتىدا ئوخشىمىغان شەكىللەردە قوللانغانلىقىدەك تىل ماھارەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ ئورۇن تەرتىپى جەھەتتە تۇۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە كۆپ كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ: كۆپىنچە ئەھۋالدا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر ئالدىدا، ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

aɣı baram (4 2a 23) (مال-دۇنيا)

asaɣ tysy (1 10b 12) (پايدا-مەنپەئەت)

øgrynyʧlyg sɛwinʧlig (1 10b 3) (شادلىنىش-سۆيۈنۈش)

تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ بوغۇم سانى ئوخشاش بولمىغاندا ئاز بوغۇملۇق سۆز ئالدىدا، كۆپ بوغۇملۇق سۆز كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ɛd tawar (1 10b 1) (مال-دۇنيا)

tɛp tɛgirmi (2 11b 25) (دۇپ-دۇگىلەك)

ɛdgy ɛrdɛmlig (2 17b 5) (ياخشى پەزىلەتلىك)

kysyʃ saqınʧ (2 13b 30) (ئارزۇ-ئارمان)

يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر بىرقەدەر ئومۇمىيراق ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇنداق ئومۇمى ئادەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

1.tawraq tɛrk (0 9a 17) (چاققان-چەبدەس)

2.ayasɪ ulɪ (2 12a 1) (ئالقىنى تاپىنى)

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆپ بوغۇملۇق سۆز ئالدىدا، ئاز بوغۇملۇق سۆز كەينىدە كەلگەن. يەنە:

tapınɣalı udunɣalı (3 11a 8) (ھۆرمەتلىگىلى،ئىززەتلىگىلى)

bilip uqup (3 9b 3) (بىلىپ، ئۇقۇپ)

بۇ مىساللاردا ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆز ئالدىدا، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆز كەينىدە كەلگەن.

ئەگەر جۈپ سۆز تەركىبىدىكى سىنونىملارنىڭ بىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بولسا سىنونىملارنىڭ ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

utlısı tuʃi (1 13b 30) (نەتىجىسى-مېۋىسى)

tuʃi utlısı (3 9a 1) (نەتىجىسى-مۇكاپاتى)

ئومۇمەن، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋە ئاز بوغۇملۇق سۆزلەر جۈپ سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان ئەھۋال بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەھۋاللار بار. بەلكىم بۇنىڭدا سۆزلەنمەكچى بولغان سۆزدىن قايسىسىنى تەكىتلەش زۆرۈر بولسا،

مەنتىقى ئۇرغۇنىڭ تەسىرىدە شۇ سۆز ئالدىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بۇنىڭدا ئويلىشىدىغان تەرەپ تەلەپپۇز مەسىلىسىدۇر. ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن ئاسان تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇزۇك تاۋۇشلار ئىچىدىمۇ جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار جاراڭسىزلىرىغا قارىغاندا تەلەپپۇزغا ئاسانراق بولىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار ئىچىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا لەۋلەشمىگەنلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئاسانراق بولىدۇ. ئېغىزاكى تىل بىلەن ئېيتقاندا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار ئېغىزغا ئاسانراق كېلىدۇ. شۇڭا جۈپ سۆزلەردە جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار قايسى سۆزدە كۆپرەك بولسا شۇ سۆز ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

køŋyl køkyz (0 4b 17) (كۆڭۈل-كۆكسى)

بۇ جۈپ سۆزدە بىرىنچى سۆزدە ŋ,l تاۋۇشلىرى جاراڭلىق، ئىككىنچى سۆزدە پەقەت ئاخىرىدىكى z تاۋۇشلا جاراڭلىق. شۇڭا بىرىنچى سۆز ئالدىدا كەلگەن.

buluŋ jɪŋaq (2 6b 17) (تەرەپ-تەرەپ)

بۇ جۈپ سۆزدىكى بىرىنچى سۆزدە b، l، ŋ تاۋۇشلىرى جاراڭلىق، ئىككىنچى سۆزدە y، ŋ دىن ئىبارەت ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش جاراڭلىق بولۇپ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا بىرسى كەم، شۇڭا ئۇ ئاخىرىدا كەلگەن

5. «مايتىرى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى

5-1. جۈپ سۆزلەرنىڭ فونېتىكا ئىستىلىستىكىسى

ئىستىلىستىكا تىل ماھارىتى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئىلىم بولۇپ، گەپ-سۆزنى ئەھۋالغا تەدبىقلاش ۋە شارائىتقا ماسلاشتۇرۇش، تىلنىڭ پاساھىتى ۋە بالاغىتىنى تىرىشىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش، پىكىرنىڭ روشەنلىكى، پىكىر ئىپادىلىرىنىڭ كۆركەملىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىلىستىكا ئىلمى كۆڭۈل بۆلىدىغان تۈپكى مەسىلىلەردۇر.

تىلنىڭ گۈزەللىكى ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ. بىرى تىلنىڭ مەنا مەزمۇنىغا باغلىق بولغان پىكىر ئىپادىلىرىنىڭ گۈزەللىكى، يەنە بىرى، رېتىم ۋە مۇزىكىدارلىقى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تاشقى گۈزەللىكتۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى تىلنى جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك قىلسا، كېيىنكىسى، تىلنى ئېغىزغا ئوڭاي كېلىدىغان، قۇلاققا خوشياقىدىغان، يېقىملىق قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتە جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش رولىنىڭ بارلىقىنى، تۈزۈلۈش جەھەتتە سىممېترىك خۇسۇسىيەتكە، تەلەپپۇز، ئىنتوناتسىيە جەھەتتە قاپىيە ئاساسىدىكى مۇزىكىلىق ۋە ئاھاڭدار خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. جۈپ سۆزلەرگە مۇجەسسەملەنگەن يۇقىرىقى ئۈچ خۇسۇسىيەت ئەمەلىيەتتە جۈپ سۆزلەرنى جۈملە تەركىبىگە كىرىمگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇنىڭدا بىر خىل تەبىئىي ئىچكى-تاشقى گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر جۈپ سۆزلەر تېكىست تەركىبىدە باشقا سۆزلەر بىلەن ياخشى ماسلاشتۇرۇلسا يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى بولۇپ، مەناسى دەل، تىلى جەزبىدار بولغان بەدىئىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. «مايتىرى سىمىت» تا جۈپ سۆزلەر كۆپىنچە يالغۇز ئىشلىتىلمەي، باشقا جۈپ سۆزلەر بىلەن يانداشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. بىرقانچە جۈپ سۆزنىڭ ئارقىمۇ-ئارقا ئىشلىتىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق، باش-ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىزچىللىقى ئەسەر تىلىنى يېقىملىق تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇنداق قاتار كەلگەن جۈپ سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا تەلەپپۇز ئىنتوناتسىيە جەھەتتە بىر-بىرىنى يەكلەيدىغان، بىر-بىرىگە توسالغۇ بولىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېيتىلغان بۇنداق جۈپ سۆزلەر ئېغىزغا ئىنتايىن تەبىئىي كېلىدىغان بولۇپ جۈپ سۆزلەر ئارىسىدىكى قاپىيە ماسلىقى بىلەن ئاھاڭ گۈزەللىكى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇلغان. تۆۋەندىكى قىسقا بىر پارچىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

munuŋ køŋlyntɛ køkzyntɛ qorqɪnq ajɪnɪʧlɪɣ ɛdgy tøz jɪltɪz

azu boltuqmaz   mu …. (0   4b   21~23)

مەنىسى:

ئۇلارنىڭ كۆڭلى كۆكسىدە قۇرقىدىغان ئەيمىنىدىغان ياخشى ماھىيەت تېپىلىدىغان تېپىلمايدىغانلىقىنى ....

بۇ بىر جۈملىنىڭ قىسقىغىنە بىر پارچىسى، مۇشۇنداق قىسقا پارچىدە ئۈچ جۈپ سۆز قوللىنىلغان. بۇ ئۈچ جۈپ سۆزنىڭ ھەممىسى باش ياكى ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مۇنداق قاپىيىداش تەركىبلەرنىڭ بىر جۈملىدە تەڭلا ئىشلىتىلىشى ئەسەر تىلىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ تىلغا ھاياتى كۈچ بەرگەن.

قاپىيىدىن باشقا يەنە تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقمۇ جۈپ سۆزلەرنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئەسەر تىلىنىڭ مۇزىكىدارلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان خىزمەت قىلغان. سۇزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقى بىلەن لەۋ ئاھاڭداشلىقى بوغۇم ۋە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئەسەر تىلىدا تاۋۇش گۈزەللىكى پەيدا قىلغۇچى مۇھىم بىر ئىستىلىستىكىلىق ھادىسىگە ئايلانغان. مەسىلەن:

tøry toku (4   18a   24) (قائىدە-يۇسۇن)
ød qolu (2   1b   20) (ۋاقىت-پەيىت)

يۇقىرىقى جۈپ سۆزلەر تەركىبىدىكى سىنونىملار ھەممىسى بوغۇم تۈزۈلۈشى جەھەتتىن لەۋلەشكەن سوزۇقلارنى ئاساس قىلغان بولغاچقا سىنونىملار ئوتتۇرىسىدا شۇنىڭدەك سىنونىم تەركىبىدىكى بوغۇملار ئارىسىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن ماسلىق بار، بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىە يېپىشقاق ۋە يېقىمدار بولۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن.

جۈپ سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سىنونىملار ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن ئاھاڭداشلىقى جەھەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ:

ada tuda (3   6b   4) (خېيىم-خەتەر)
qut bujan (3   6a   24) (قۇت-بەخىت)

يۇقىرىدىكى جۈپ سۆزلەردە بوغۇملارنىڭ ھەممىسى a ۋە u دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنى ئاساس قىلغان، بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرىدۇر.

tynlɛ kyntyz (4   2a   3) (كىچە-كۈندۈز)
ɛm jyryn (3   5b   27) (دورا-دەرمان)

يۇقىرىدىكى جۈپ سۆزلەردە بوغۇملارنىڭ ھەممىسىɛ ۋەy دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنى ئاساس قىلغان، بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىدۇر. بۇنداق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقى لەۋ ئاھاڭداشلىقىغا ئوخشاشلا ئەسەر تىلىدا قانۇنىيەتلىك، تەرتىپلىك تاۋۇشلار تىزمىسىنى

تۇرغۇزۇپ، ئىستىتىكا پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان فونىتىكا گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

دىمەك، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇش سىستېمىسى، ئاكوستىكىلىق، ئارتىكولىيەتسىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، بوغۇم قۇرۇلمىسى جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكلىرى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئېغىزغا يۇقۇپ، كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئاڭلىسا قولاققا يېقىپ، كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايدىغان، قاپىيە، رېتىمغا ئىگە قىلىپ، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ بەرگەن.

5-2. «مايترى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەر ۋە سۆز ئىشلىتىش سەنئىتى

ئىستىلىستىكا ئىلمى بىلەن تىلنىڭ لىكسوكولوگىيە ئىلمى ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ مەقستى تىلنى ئىنىق توغرا، راۋان، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشتۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ مەلۇم مەنىدىن سۆزلەنمەكچى بولغان سۆزنى تاللاپ ئىشلىتىشتە كۆرۈلىدۇ.

تىلشۇناس ك. ئو. ئىردىمان سۆز مەنىسىدە ئومۇمى ئۇقۇم ئاملى(سۆزنىڭ كونكىرىت مەنىسى)، ئىككىلەمچى خىيال تەسەۋۋۇر ئاملى، تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ئاملى قاتارلىق ئامىللار بولۇپ[1] ئەدەبى ئەسەرلەردە مانا مۇشۇنداق تۇيغۇ، ھسياتقا تەئەللۇق مەنىلىرىدىن پايدىلىنىپ سۆزلەرنى كونتېكىستقا ماسلاشتۇرۇپ، سۆزنىڭ ھىسسى، تۇس مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

جۈپ سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە سىمانتىكىلىق مەنە قاتلىمىدىن قارىغاندا جۈپ سۆزلەر ئادەتتە قارمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر، مەنىداش سۆزلەردىن تەركىپ تاپقانلىرى، تەكرار سۆز شەكلىدە كىلىدىغانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئالدىنقى مەزمۇنلاردا سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. سۆز ئىشلىتىش ماھارەتلىرى مەنىداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش، قارمۇقارشى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ زىت قارىمۇقارشى ئۇقۇمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىق تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، جۈپ سۆزلەر سۆز ئىشلىتىش ئاساسى ماھارەتلىرىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە بىۋاستە بېرىپ چېتىلىدۇ.

قارىمۇ قارشى سۆزلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى شەيئىلەر ئارىسىدىكى زىت تەرەپلەرنى بىر يەرگە قويۇپ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. جۈپ سۆزلەر مەنا جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان جۈپ سۆزلەر ئارقىلىق زىت ئىككى

[1] ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمى ماقالىلىرى» [M] . مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل. 12-بەت

ئۇقۇمنى ۋە بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى ھەرقانداق ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، مۇستەسنا ئەھۋالنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «دېھقانلار قىش-ياز جاپالىق ئىشلەيدۇ» دېگەن جۈملىنى ئالساق بۇنىڭدىكى «قىش-ياز» دېگەن جۈپ سۆز پەقەت ئىككى پەسىلنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى «يىل بويى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئىشلىمەيدىغان ۋاقتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. دېمەك، بۇنداق قارىمۇقارشى مەنىدىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەر ئالاھىدە بىرخىل ئۇسلۇبشۇناسلىق ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ. «مايترى سىمىت»تا قارىمۇقارشى مەنىدىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەرنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. مەسىلەن:

yrdɛ bɛry bu sansar itʃintɛ tınlaɣ oɣlani tuɣa øly aɣa tɛgily atʃiɣ

ɛmgɛk køryrlɛr (2 4a 20~22)

مەنىسى:

ئۆزۈندىن بېرى، بۇ سانسار ئىچىدە جانلىق ئوغلانى(پەرزەنتى) تۇغۇلۇپ-ئۆلۈپ، ئۆرلەپ-چۈشۈپ، ئاچچىق ئازاپ كۆرۈۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى مىسالدا tuɣa øly ،aɣa tɛgily دىن ئىبارەت ئارقىمۇ-ئارقا كەلگەن جۈپ سۆز ئارقىلىق بۇددا دىنىدىكى ھايات-ماماتلىقنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدەك چۈشەنچىلىرى ناھايىتى ئىخچام رەۋىشتە ئىپچىپ بېرىلگەن.

جۈپ سۆزلەرنىڭ يەنە بىرخىل مۇھىم شەكلى مەنىداش سۆزلەردىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەردىن ئىبارەت. ئادەتتىكى نۇتۇقتا مەلۇم بىر كونكرېت سۆز ئارقىلىق دېمەكچى بولغان پىكىرنى ئىپادىلەش چەكلىمىگە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر سۆزنى ياندىشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە بۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى كېڭىيىپ، دېمەكچى بولغان ئوي-پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنلارنى ئىپادە قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «مەن ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بىر ئۆمۈر تىرىشتىم» دېگەن جۈملىدە ئەگەر يالغۇز «ئارزۇ» ياكى «ئارمان» دېگەن سۆز ئىشلىتىلسە مەنە دائىرىسى بەك چەكلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككىسى بىرلىكتە ئىشلىتىلسە ئۇلار بىر-بىرىنىڭ چەكلىك تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ ئۇقۇمنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق مەنىداش سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان جۈپ سۆزلەرنىڭ بىرقانچىسى تەڭلا ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ مەنە دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا جۈپ سۆزلەر بەك تەرەققى قىلغان بولۇپ، ئاۋۋال ئۇلار مەنىداش سۆزلەردىن، كېيىن مەنىسى بىر-بىرىگە يېقىن سۆزلەردىن، بىرەر مەنىدە بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان سۆزلەردىن تەركىپ تاپتى. بۇنى بىز «مايترى سىمىت» نىڭ تىلىدىن ئېنىق ھىس قىلالايمىز:

mɛniŋ antaɣ kytʃym kysynym joq kim tɛŋri tɛŋrisi burxannıŋ

ɛdgysin ɛrdɛmin kɛŋ alqiɣ kylɛjy søzlɛgylyk (1 4b 17~19)

مەنىسى:

مېنىڭ ئۇنداق كۈچ-قۇدرىتىم يوق تەڭرىسى بۇرخانىنىڭ ياخشىلىقى-پەزىلىتىنى تەپسىلى-مۇپەسسەل مەدھىيىلەپ سۆزلىگۈلۈك.

بۇ مىسالدا ئارقىمۇ-ئارقا ئىشلىتىلگەن مەنىداش سۆزلەردىن تەركىب تاپقان جۈپ سۆزلەر ئارقىلىق ئوي-پىكىرنىڭ گەۋدىلەندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن. ئەسەردە يۇقىرقى قۇرلارنىڭ ئاستىدا يەنە مۇنداق مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ:

ol balıqta ʧakrirt ɛlig qanlarniŋ <u>kɛzgintɛ tizigintɛ</u> kaudam <u>oɣuʃıntın tøzintin</u> bɛlgyrmiʃ qamaɣ ʃaki tøzlyg <u>bodun boqun</u> yzɛ <u>ɛrklig tyrklyg</u> sudutan atlaɣ χormuzta tɛŋri kɛ jølɛʃi ɛlig χan bar

(1 4b 23~29)

مەنىسى: ئۇ شەھەردە چاكرىرت ئېلىگ خانلارنىڭ قاتاردا-رېتىدە كائۇدام قەۋمىدىن-نەسەبىدىن كېلىپ-چىققان، بارلىق شاكى نەسەبلىك خەلق-پۇقرا ئۈستىدە كۈچلۈك-قۇدرەتلىك سۇدۇتان ئاتلىق خۇرمۇزتا تەڭرىگە ئوخشاش ئېلىگ خان بار

يۇقىرىقى جۈملىدىمۇ ئېلگىرى-كېيىن تۆت جۈپ سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بولارنىڭ ھەممىسى مەنىداش سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان.

دېمەك بۇنداق مەنىداش سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان جۈپ سۆزلەر ئىشلىتىلگەندە ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرنىڭ مەلۇم بىر ئوبىكتقىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئۇقۇملارنىڭ كۆرسىتىلمەي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئىپادىلەيدىغان ئوبىكتنىڭ دائىرە چەكلىمىسىدىن ھالقىغىلى بولىدىغان بولغاچقا ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق مەنىداش سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان جۈپ سۆزلەر كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان.

5-3. «مايترى سىمىت» تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ جۈملە بۆلىكى سۈپىتىدە ئوينىغان رولى.

گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ھەرقانچە ئابستىراكت، يىغىنچاق قېلىپلاشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان مۇئەييەن مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى گەرچە سىنتاكسىسنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدە بولۇپ. ئىستىلىستىكا ئىلمى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك قىلسىمۇ، ئەمما جۈملە بۆلەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى كونكىرىت تىل مۇھىتىدا پىكىرنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئىستىلىستىكىلىق ماھارەت مەسىلىسى بولۇپ ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. چۈنكى جۈملە بۆلىكى

بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەر ياخشى تاللانماي تۇرۇپ، تىلنىڭ نوقسانسىزلىقى، گۈزەللىكىنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس.

«مايترى سممت»تا قوللىنىلغان جۈپ سۆزلەر مەزمۇن، شەكىلگە باي بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇلار كونكرېت تىل مۇھىتىدا ھەرخىل جۈملە بۆلەكلىرى سۈپىتىدە ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىگىشلىك روللارنى ئۆتىگەن.

ئادەتتە جۈملە قۇرۇلىشىدا خەۋەرنىڭ ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. چۈنكى خەۋەر جۈملىنىڭ بىر باش بۆلىكى سۈپىتىدە باشقا بۆلەكلەرنى بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پېئىللار كۆپىنچە خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بولغاچقا پىكىرنىڭ ئەڭ توچكىسى خەۋەرگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. «مايترى سممت»تىكى پېئىللار خىلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇنداق جۈپ سۆزلەردە ئىككى خىل ئىش- ھەركەت تەڭلا كۆرستىلىپ مۇرەككەپ ئوي-پىكىرلەرنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكەن.

ytʃyntʃ aqɪɣlaɣ tørylɛrnɪŋ øtʃmɛkin amralmaqɪn baʃtɪnqɪsɪn ørysin bilmɛk uqmaq (2 13a 27~29)

مەنىسى:

ئېقىغلىق (يۇرگۈزىلىۋاتقان) قائىدىلەرنىڭ ئۆچىدىغانلىقى، يوقىلىدىغانلىقىنى، ئاۋۋالقىسىنى ،يۇقىرىدىكىسىنى ئۇقماق-بىلمەك

بۇ مىسالدا بۇددا دىنىدىكى تۆزۈن جانلىقلار («توغرا يولدا بولغان بەندىلەر» دىگەن مەنىدە) بىلىش ۋە ئىگىلەشكە تىگىشلىك تۆت تۈرلۈك نومنىڭ ئۈچىنچىسى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى øtʃmɛkin ۋە bilmɛk uqmaq amralmaqɪn دىگەن قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا خاس پېئىللار ئارقىلىق بۇددا دىنى قائىدىلىرى ئېچىپ بېرىلگەن.

جۈملىدە خەۋەرگە بىۋاستە باغلىنىدىغان ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت قاتارلىقلار بار. تولدۇرغۇچى خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەركەتنىڭ ئوبيكتىنى بىلدۈرسە، ھالەت بۇ ئىش-ھەركەتنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى بىلدۈرىدۇ. «مايترى سممت»تىكى جۈپ سۆزلەر جۈملىگە ھەرخىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ قاتنىششتىن سىرت، باشقا جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھىم-زىچلىقى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئەسەر تىلىدا ئۇشۇق تەركىبلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمىغان. ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە، بىرقىسىم ئەرلەر قىز-ئاياللارنى كەمسىتىپ ئۇلارنى بىرىنچىدىن خاپىغان، قىتىغۇر بولىدۇ، ئىككىنچىدىن كۆنچى بولىدۇ، ئۈچىنچىدىن ئۇيقۇچان بولىدۇ، تۆتىنچى، ئىككى تىللىق بولىدۇ، بەشىنچىدىن، زەھىرى ئۆتكۈر بولىدۇ دەپ كەمستكەندە ئەسەردە ساكيامۇنىنىڭ تىلىدا مۇنداق بەش تۈرلۈك قىلىپ رەددىيە بېرىلىدۇ:

ɛŋ ilki ɛwig barqɪɣ orduɣ qarʃɪɣ quruɣ qodmazlar …ikinti

qazɣanmɪʃ qazɣaɣɪɣ jɪɣa tɛrɛ tutarlar… yʧynʧ ig aɣrɪɣ oɣrɪnta ɛwig jaqaɣ tapaɣ uduɣ qɪlur lɛr…tørtynʧ ɛrɛn birlɛ mɛŋilɛgylyk øgrynyʧlyg bolur-lar… bɛʃinʧ burχan-lar pardikabut-lar arχantlar qutluɣ tɪnlɪɣ-lar alqu qunʧu-lar-dɪn tuɣar bɛlgylɛr-lɛr (3 3b 19~26)

مەنىسى:

بىرىنچى، ئۆي-ۋاقىنى، ئوردا-سارايىنى قۇرۇق قويمايدۇ، ئىككىنچى، تاپقان نەرسىلەرنى يىغىپ-تېرىپ تۇتىدۇ، ئۈچىنچى، ئاغرىق سىلاق بولغاندا ئۆي-ۋاقى بىلەن تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ، تۆتىنچى، ئەرلەر بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ، شادلىنىدۇ، بەشىنچى: بۇرخانلار، پادىكار بۇتلار، ئارخانتلار ۋە بارلىق بەختلىك جانلىقلار ھەممىسى مەلىكىلەردىن تۇغۇلىدۇ، دۇنياغا كېلىدۇ.

بۇمىسالدا ɛwig barqɪɣ orduɣ qarʃɪɣ دىگەن جۈپ سۆزلەر تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە، jɪɣa tɛrɛ ھالەت ۋەزىپىسىدە، tuɣar bɛlgylɛr-lɛr كەلگەن.

سۆز-جۈملىلەر بىر-بىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ جىسىپلاشقان بولۇپ ئارتۇق ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئالدىدا ئېيتىلغان بەش تۈرلۈك كەمستىشكە قارشى قىز-ئاياللارنىڭ بەش تۈرلۈك ياخشى تەرەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىر پرسۇناژ تىلى ئارقىلىق قىز-ئاياللارنىڭ جەمئىيەت، دىنىي ۋە ئائىلە جەھەتلەردە ئوينايدىغان رولىنى مۇشۇنداق قىسقا جۈملىلەربىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئىنقىلىغۇچى جۈملە بۆلىكى سۈپىتىدە جۈملىدە ئوينايدىغان رولى ئىگە بىلەن خەۋەردەك مۇھىم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىستىلىستىكىنىڭ بىر گىراماتىكىلىق ئاساسى سۈپىتىدە كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ بولمىسا جۈملە ئىستىلىستىكا تەلەپ قىلغان مەزمۇن ۋە ھىسياتنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن ئىستىلىستىكىك پائالىيەتنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. سۈپەتلەر ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق ئىنىقلىغۇچى سۈپىتىدە جۈملىگە قاتناشقان جۈپ سۆزلەر سان جەھەتتە خېلى كۆپ بولۇپ، ھەتتا بەزىلىرى قىلىپلىشىپ ئاتالغۇ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

øŋlyg øŋsyz tɛŋri jɛrintɛki bidip bityryp yzmɛlɛgylyg nɪz-wanɪ-laraɣ ....(0 9b 19)

مەنىسى:

ئۆڭلۈك، ئۆڭسۈز تەڭرى يېرىدىكى يېزىپ، تەسۋىرلەپ، تۈگەتكىلى بولمايدىغان نىزۋانىلارنى...

بۇيەردىكى ئۆڭلۈك ئۆڭسۈز تەڭرى يېرى، ئەيش-ئىشرەتتىن ۋاز كەچكەنلەر ۋە جىسمانى شەكلى بولمىغان روھلار ماكانىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تۇراقلىق شەكىلدە ئىشلىتىدىغان سۆز بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

aqɪɣlaɣ aqɪɣsɪz djan saqɪnʧ-larɪn qa…qa olurur tɛp...
(4 5a 13~15)

مەنىسى:

ئېقىغلىق، ئېقىغسىز دىيان ئويلىرى بىلەن ....غا ئولتۇرىدۇ دەپ...

بۇ مىسالدىكى aqɪɣlaɣ aqɪɣsɪz دېگەن جۈپ سۆزمۇ ئالدىدىكى سۆزگە ئوخشاش djan saqɪnʧ دېگەن سۆزنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولۇپ بۇمۇ ئەينى دەۋردە قىلىپلاشقان شەكىلدە ئىشلىتىلگەن.

«مايتىرى سىمىت»تا جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشى بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئەھۋال بولۇپ ھەتتا بىرقانچە جۈپ سۆز بىللە كىلىپ ئورتاق بىر ئىنىقلانغۇچىنى ئىنىقلاشتەك جۈملە شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

jɛmɛ irinʧ jarlɪɣ joq ʧɪɣaj qoltɣuʧɪ iglig kɛmlig ɛlksiz adaqsz ɛmgɛklig tɪnlɪɣlar bar ɛrdi (1 7a 19~22)

مەنىسى:

يەنە بىچارە-دەرتمەن، يوقسۇل-نامرات، تىلەمچى، ئاغرىق-سىلاق، قولسىز پۇتسىز ئازاپ چەكككۈچى جانلىقلار بار ئىدى.

بۇ مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان جۈپ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئىنىقلىغۇچى tɪnlɪɣlar نى ئىنىقلاپ كەلگەن.

يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنىقلىغۇچىنىڭ ئەسەردە ئوينايدىغان ئىستىلىستىكىلىق رولى ئەسەر تىلىغا مەزمۇن بايلىقى، ھىسيات تۈسى قوشۇشتىن ئىبارەت.

5-4. «مايتىرى سىمىت»تىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىك شەكىللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي قىممىتى

ئىستىلىستىك شەكىللەر ئۆزۈن مۇددەتلىك تىل سەنئىتى ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلىنىپ مۇئەييەن شەكىلدە تۇراقلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن: ئوخشىتىش، مۇبالىغە جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش دىگەندەك. بۇلار ئىستىلىستىكا ماھارىتى مەسىلىسى بولۇپ، لىكسىكولوگىيىدىكى جۈپ سۆزلەر بىلەن ئۇنداق زىچ مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما تىل ئىشلىتىش نوقتىسىدىن قارىغاندا ئىستىلىستىك شەكىللەرمۇ تىل ماتىريالى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا ھەرقانداق بىر ئىستىلىستىك شەكىل كونكىرىت سۆز بىرلىكلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. دەرۋەقە بەزى ئەسەرلەردە جۈپ سۆزلەر كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن بۇنىڭدىكى چەكلىك ساندىكى جۈپ سۆزلەر ئارقىلىق بۇ مەسىلە ئۈستىدە گەپ قىلغىلى بولمايدىغانلىقى راست. «مايتىرى سىمىت»قا نىسبەتەن بۇ مەسىلە ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئايرىم توختىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى جۈپ سۆزلەر مەيلى

سان-كۆلەم جەھەتتە بولمىسۇن، تۈر- تۈزۈلۈش جەھەتتە بولمىسۇن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان تۇيتىن ئىبارەت. جۈپ سۆزلەر ئەسەرگە شۇنچىلىك زىچ ئورۇنلاشقانكى، ھەربىر ئابزاس ۋە بۆلەكلەردىن ئۇنىڭ ئىزناسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. تۆۋەندە بىرقىسىم مىساللار ئاساسىدا ئەسەردىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەسەردىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى تەشكىل قىلىشتىكى رولىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمىز:

ئىستىلىستىكا نوقتىسىدىن قارىغاندا، ئېنىقلىغۇچى لوگىكىلىق ئىنىقلىغۇچى ۋە بەدىئىي ئېنىقلىغۇچى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. لوگىكىلىق ئىنىقلىغۇچى جۈملىدە مەلۇم ئۇقۇمنى ئىنىقلاش چەكلەش ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئېنىقلىغۇچىدۇر. مەسىلەن:

taluj øgyz suwɪ jajqantɪ (4 11a 13)

مەنىسى: دېڭىز-دەريا سۈيى چايقالدى.

بۇ مىسالدىكى taluj øgyz (دېڭىز-دەريا) دىگەن جۈپ سۆز suw (سۇ) نىڭ لوگىكىلىق ئېنىقلىغۇچىسىدۇر. لوگىكىلىق ئىنىقلىغۇچىنىڭ رولى تۈپەيلىدىن ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى تارىيىپ. مەنا تېخىمۇ ئېنىقلىشىدۇ ۋە كۆنكىرىتلىشىدۇ.

بەدىئىي ئېنىقلىغۇچى بولسا ئۇقۇمنى ئىنىقلاش ۋە چەكلەش رولىنى ئوينىمايدۇ، ئۇ شەيئىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى سۈپەتلەيدۇ، مەسىلەن:

idiz yksɛg orunluqqa olɣurtup tatɣlɪɣ sytʃiglig aʃɪn itʃgyn tapɪnur udunur ɛrdi (3 11b 6~8)

مەنىسى: ئىگىز-يۈكسەك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، تاتلىق-چۈچۈك ئاش-تائاملار بىلەن كۈتۈپ-ھۆرمەتلەيتتى.

بۇ جۈمىدە جەمئىي4 جۈپ سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى idiz yksɛg (ئىگىز-يۈكسەك) دىگەن جۈپ سۆز orunluqq (ئورۇندۇق)نىڭ، tatɣlɪɣ sytʃiglig دىگەن جۈپ سۆز aʃ itʃgy (ئاش-تائام) نىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۈپەتلىگەن.

مانا مۇشۇنداق ئۇقۇمنى ئېنىقلاش، چەكلەش رولىدا كەلمەي، سۈپەتلەش، سۈرەتلەش رولىدا كېلىدىغان بەدىئىي ئىنىقلىغۇچى سۈپەتلەش بولىدۇ.

«مايترى سمىت»تا ئەنە شۇنداق سۈپەتلەش رولىنى ئوينايدىغان جۈپ سۆزلەرنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

bilgɛ biliklig køzin titiry køry jarlɪqadɪ (3 6b 18~19)

مەنىسى: ئەقىل-پاراسەتلىك كۆزى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

qut bujanlɪɣ iry bɛlgy (3 6b 25)

مەنىسى: بەخت-سائادەتلىك ياخشى بەلگە.

jɪlɪɣ jumʃaq bortygɪn ky kɛlig ɛrdɛm kørkitip (0 5b 4~5)

مەنىسى: ئىللىق يۇمشاق يىپپىنچىسى بىلەن شانۇ-شۆھرەتلىك پەزىلەت كۆرسىتىپ

jɪdlaɣ jɪparlaɣ suwɪn jɛrig ølity satʃarlar ɛrdi (2 9a 8~9)

مەنىسى: ئىپار ھىدلىق (خۇشپۇراق) سۇنى چېچىپ، يەرنى نەملەيتتى.
يۇقىرىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سۈپەتلەش رولىدا كەلگەن جۈپ سۆزلەردۇر.

«مايترى سىمىت»نىڭ تىلى ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپ، بۇنداق بولۇشنى ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىك شەكىلنىڭ ئەسەر تىلىدىن مۇۋاپىق رەۋىشتە ئورۇن ئېلىپ تۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەسەردىكى ئوخشىتىشلار تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاددى ياكى مۇرەككەپ، ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدىن بەلگىلىك ساندىكى جۈپ سۆزلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇخىل جۈپ سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان ئوخشىتىشلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، رەڭدارلىق ۋە بەدىئىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. مەسىلەن:

altı jigirmi jaʃlıɣ qızlarnıŋ tɛg ɛti jini kørki mɛŋzi ɛryr (3 1b 21~22)

مەنىسى: ئۇنىڭ ئەت-تېرىسى، كۆركى-چىرايى ئون ئالتە ياشلىق قىزلارنىڭكىدەك (ياش) تۇرىدىكەن.
بۇ مىسالدا ساكيامۇنىنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ چىراي-مەڭزى، ئەت-تېرىسىنى ئون ئالتە ياشلىق قىزلارنىڭكىگە ئوخشاتقان.
ئەسەردە بەزىدە ئوخشىتىشلار ئارقىمۇ-ئارقا قوللىنىلىپ، ئەسەر تىلىنىڭ ئوبرازچانلىقىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن:

anta øtry ajaɣqa tɛgimlig maytri bodiswat køz-ynyr ɛz-rua tɛŋri osuɣlɣ daksanpat ɛlteki bodun boqunuɣ busuʃluɣ qadɣuluɣ køryp jaŋlar bɛgi osuɣlɣ oŋaru tɛgziny qadrılu qajıp amraq atası bir…bir ɛmyk oɣlaɣu oɣlın ɛmrɛjyrʧɛ balıqlaɣ bodunqa inʧɛ tɛp tɛdi (2 7a 1~8)

مەنىسى:
ئاندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر مايترى بۇدساۋات كۈرۈنەر ئەزرۇئا تەڭرىگە ئوخشاش، ئۇ داكساناپات ئەل —خەلقنى غەملىك قايغۇلۇق كۆرۈپ، پىللار بېگىگە ئوخشاش ئوڭغا ئايلىنىپ، قايرىلىپ- بۇرۇلۇپ ئامراق ئاتىسى بىردىنبىر نازۇك ئوغلىنى بەزلىگەندەك شەھەرلىك خەلققە مۇنداق دىدى....
بۇ مىسالدا مايترىنى ئەزرۇئا تەڭرىگە، ھەركىتىنى پىللار بېگىگە، سۆز قىلغاندىكى ھالىتىنى ئوغلىنى بەزلىگەن ھالەتكە ئوخشىتىپ، بىر كۈرۈنۈشنى ئوخشىمىغان نوقتىدىن سۈرەتلەپ بەرگەن.
ئەسەردە بەزىدە ئوخشىتىشلار بىلەن باشقا ئىستىلىستىك شەكىللەر گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

bu tinlaɣ oɣlani bɛʃ tyrlyg sɛwiklig mɛŋi tɛginɛsɛr-lɛr ʃor

suw itʃmıʃ osuɣluɣ todmaz qanmaz-lar nɛtʃɛ yrkitʃ amraqlaɣu quwraɣ birlɛ mɛŋilɛsɛr øgrynytʃlɛsɛr kiniŋɛ amraqtın adralmaq atʃıɣ ɛmgɛk kɛlmɛki bar nɛtʃɛ yr-kitʃ bu ɛtøz yg ajaju tʃiltɛjy køjy køz-ɛdy tutsar ol oq typintɛ ølmɛk bar (2 7a 11~19)

مەنىسى:

بۇ جانلىق ئوغلانى بەش تۇرلۇك مۇھەببەتلىك شادلىقتا ھەرقانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىرىشسىمۇ (چۆمۈلسىمۇ)، خۇددى شور سۇ ئىچكەندەك (شادلىقتا) تويمايدۇ، قانمايدۇ. ئامراق كۆرىدىغان جامائەت بىلەن ھەرقانچە ئۇزۇن ۋاقىت ھۇزۇرلانسا، شاد-خورام ئۆتسە، ئاخىرىدا ئىئامرىقىدىن ئايرىلماقتەك ئاچچىق ئازاپ كەلمىكى بار، بۇ تىنىنى ھەرقانچە ئۇزۇن زامان ئاياپ-قەدىرلەپ، ئاسراپ تۇتسىمۇ ئۇنىڭ تۇۋىدە (ئاخىرىدا) ئۆلمەكلىك بار.

بۇ مىسالدا ئوخشىتىش بىلەن قاتارلاش تەڭ ئىشلىتىلگەن.

ئەسەردە گائۇتامى خاتۇن ساكىيامۇنىغا ئاتاپ بۆز توقۇپ تەقدىم قىلماق بولغاندا، ساكىيامۇنى ئۇ بۆزنى باشقا تويىن دىنتارلارغا قىلىشنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن گائۇتامى خاتۇن رەنجىيدۇ. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى بۆزگە ئوخشىتىدۇ:

kautami qatunnuŋ øŋi qırtıʃı bøz boltı (3 7a 27~28)

مەنىسى: گائۇتامى خاتۇنىنىڭ ئۆڭى-چىرايى بۆز بولدى،

ئەسەردىكى پاراڭ ئوبىكتى بىلەن ئوخشىغۇچىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى كۆرۈنەرلىك ئىستىلىستىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

ئەسەردە ئىستىلىستىك شەكىللەردىن باشقا بەدىئىي ئىپادە ئۇسۇللىرىدا جۈپ سۆزلەرنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «مايترى سمت» سەھنە ئەسىرى بولغاچقا ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئىچىدە دىئالوگ ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ ئەمما بۇ دىگەنلىك باشقا خىل ئىپادە ئۇسۇللىرى يوق دىگەنلىك ئەمەس. پىرسۇناژ دىئالوگىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ. باشقا خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى سىڭدۈرۈش ئەسەردىكى كۆرۈنەرلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ دىئالوگ ئىچىدە پىرسۇناژ تەسۋىرىنى بىرىش ئىنتايىن تەبىئىي رەۋىشتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئىستىلىدۇر. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە بادارى بىرامانىنىڭ مايترى باشچىلىقىدىكى 16 شاگىرتىغا ئېيتقان گەپلىرى ئارقىلىق ساكىيامۇنىنىڭ 32 تۇرلۇك بەخت- سائادەتلىك بەلگىسىنى بىرمۇبىر بايان قىلىدۇ. بۇنداق بىر شەخسنى ئوخشىمىغان نوقتىدىن ئوخشىمىغان بەلگە ئالاھىدىلىكلىرى بۇيىچە مۇپەسسەل تەسۋىرلەش شۇ ۋاقىتتىكى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئىپادە ئۇسۇللىرىنىڭ نەقەدەر يۈكسەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ ئۆتەيلى:

(2 5a 7) ~ (2 7b 29)

ɛŋ ilki køzyŋy tɛg typ tyz adaqı ulı ɛryr

پۇتىنىڭ ھۆلى ئەينەكتەك تۈپتۈز بولىدۇ

ikinti mɪŋ kygɛlig tilgenin jaratɣlaɣ tamɣa ajasɪnta izɛngylykyntɛ bɛgiz bɛlgylyg køzynyr

ئىككىنچى، مىڭ دانە مۇقەددەس چاق بىلەن يارىتىلغان تامغا ئالقىنىدا، ئۈزەڭگىلىكىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ytʃyntʃ julajalɪnɪŋa jølɛʃi jimiʃtɛg typtyz uzun erŋɛklɛri..

ئۈچىنچى، بارماقلىرى شام يالقۇنىسىمان يىمىشتەك تۈپ تۈز ئۇزۇن بولىدۇ

tørtyntʃ ojsuz køtkisiz tyz syŋyki

تۆتىنچى، سۆڭەكلىرى ئۇيسىز-دۆڭسىز تۈز بولىدۇ

bɛʃintʃ bantatu kɛpɛztɛg jɪlɪntʃɣa jumʃaq ɛliki ɛryr

بەشىنچى، قولى پاختا-كېۋەزدەك يۇمران يۇمشاق بولىدۇ.

altɪntʃ adaqɪ jyzi qopmɪʃ køp køtki ɛryr

ئالتىنچى، پۇتىنىڭ يۈزى كۆتۈرۈلگەن دۈپ-دۇمباق بولىدۇ.

jɛtintʃ awajiji atlaɣ jɪpar kɛjik jotasɪ tɛg køry qanɪqsɪz jotasɪ ɛryr

يەتتىنچى، يوتىسى ئاۋايىي ئاتلىق ئىپار كىيىك يوتىسىدەك كۆرۈپ قانغۇسىز بولىدۇ.

sɛkizintʃ ɛŋitmɛdyk toŋɪtmɛduq ɛtøzin ajasɪ yzɛ iki tiz tilgɛnin børtɛ jarlɪqar

سەككىزىنچى، قەددىنى پۈكمىگەن ۋە غادايتىۋالمىغان ھالدا، ئالقىنى بىلەن تىز-لېپىكىنى سىلاپ ئولتۇرىدۇ

toquzuntʃ atʃajni atlaɣ arɣun kɛwɛlniŋ tɛg jaʃru batutluɣ uwut jinni ɛryr

توققۇزىنچى، ئۇياتلىق يېرى، ئاچاينى ئاتلىق نەسىللىك ئارغۇن ئاتنىڭكىدەك يوشۇرۇنۇپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

onuntʃ nigrut atlaɣ søgyt tɛg oɣʃatɪ tɛp tɛgirmi ɛt øzi ɛryr nɛtʃɛ idiz ɛrsɛr antʃa qulatʃɪ nɛtʃɛ qulatʃɪ ɛrsɛr antʃa bodɪ sɪnɪ ɛrur..

ئونىنچى، بەدىنى نىگرۇد ئاتلىق دەرەخنىڭ غولىدەك دۈپ-دۈگىلەك بولىدۇ. بويىنىڭ ئېگىزلىكى قانچىلىك بولسا غۇلچىنىڭ ئۇزۇنلىقى شۇنچىلىك بولىدۇ. غۇلچىنىڭ ئۇزۇنلىقى قانچىلىك بولسا بوي بەستىنىڭ ئېگىزلىكمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ.

bir jigirmintʃ ɛtøzintɛki qop tysi joqaru jolanɪp tutrlar

ئون بىرىنچى، بارلىق تۈكلىرى يۇقىرىغا قاراپ ئۆسكەن بولىدۇ

iki jigirmintʃ birɛr ɛwin tylɛri oŋaru ɛvrilip tɛgzintʃlɛnip tururlar

ئون ئىككىنچى، ھەربىرتال تۈكى ئۆگغا بۇرۇلۇپ- يۆگۈلۈپ تۇرىدۇ.

ytʃ jigirmintʃ qoduru bɪʃurmɪʃ subaɣ altun osuɣluɣ qɪrtɪʃɪ ɛrur

ئون ئۈچۈنچى، چىرايى تاۋلانغان ۋە پەدەزلەنگەن ئالتۇنغا ئوخشاش بولىدۇ

tørt jigirmintʃ aɣlaq intʃkɛ ɛwinlig qɪrtɪsi

ئون تۆتىنچى، بەدەن-قىياپىتى ئىنتايىن نازۇك ھامىلدار ئاياللارنىڭكىدەك بولىدۇ.

bɛʃ jigirmintʃ jɛti jɛrdɛ ødrylmɪʃ ɛt øzi ɛryr…qaju iki ɛŋini…bir syskuni

ئون بەشىچى بەدىنى يەتتە يەردىن تاللىنىپ چىققان بولىدۇ، ئۇ يەتتىسى قايسىلار دىسە، ئىككى قولى، ئىككى پۇتى، ئىككى مۆرىسى ۋە بىر ئۇمۇرتقىسىدۇر

altɪ jigirmintʃ japa jaratmɪʃ tɛg jadɪj jarɪnɪ ikin…araqɪ søŋyki ɛryr

ئون ئالتىنچى، كەڭ تاغاق سۆڭىكى ۋە ئارىسىدىكى سۆڭىكى ياساپ قويغاندەك بولىدۇ

jɛti jigirmintʃ bilintɛ øryki ɛtøzi kisar arslan qanɪŋa oɣʃatɪ ɛryr

ئون يەتتىنچى، بېلىدىن يۇقىرى گەۋدىسى كىسار ئارسلان خانىغا ئوخشايدۇ.

sɛkiz jigirmintʃ julun tɛg køp køni køry qanɪnqɪsɪz ɛt øzi ɛryr

ئون سەككىزىنچى، بەدىنى يۇلۇندەك تىك ۋە كۆرۈپ قانغۇسىز چىرايلىق بولىدۇ

toquz jigirmintʃ tøʃii ɛgri

ئون توققۇزىنچى، تۆشى ئەگرى بولىدۇ

jigirmintʃ jintʃy tizmɪʃ tɛg jup jyryŋ tykɛl qɪrq tiʃi ɛryr

يىگىرمىنچى، تولۇق قىرىق چىشى تىزىلغان ئاپئاق ئۈنچىدەك بولىدۇ

bir outuzuntʃ iryksyz sadraqsɪz tɪʃɪ ɛryr

يىگىرمە بىرىنچى، چىشلىرى ئاراچىسىز يىرىقسىز بولىدۇ.

iki otuzuntʃ mynsyz qadaɣsɪz typ tyz tiʃi ɛryr

يىگىرمە ئىككىنچى، چىشلىرى ئەيىپ-نوقسانسىز تۈپتۈز بولىدۇ

ytʃ otuzuntʃ mynsyz aɣlaq aq jyryŋ azaɣlarɪ eryr

يىگىرمە ئۈچىنچى، ئېزىقلىرى ئەيىپسىز، خىلۋەت، ئاپئاق بولىدۇ

tørt otuzuntʃ arslarnɪŋ tɛg kɛŋ alqaɣ qasaɣɪ ɛryr

يىگىرمە تۆتىنچى، قورسىقى ئارسلانلارنىڭكىدەك كەڭ بولىدۇ

bɛʃ otuzuntʃ alqu tataɣlarda adruq tɛŋridɛm tataɣ az-ɪɣɪnta aqar

يىگىرمە بەشىنچى، باشقىچە لەززەتلەردىن باشقىچە بولغان تەگرىلىك لەززەت شىرنىسى

ئېزىقىدىن تېمىپ تۇرىدۇ

altı otuzunʧ jadıj juqa jalınʧıɣ tili ɛryr

يىگىرمە ئالتىنچى، تىلى كەڭ-ياپىلاق، يۇقا نېپىز بولىدۇ

jɛti otuzunʧ ɛz-rua tɛŋriniŋ tɛg yni ɛryr

يىگىرمە يەتتىنچى، ئاۋازى ئەزىررۇئا تەڭرىنىڭكىدەك بولىدۇ

sɛkiz otuzunʧ køkyʃ øŋlyg køzi ɛryr

يىگىرمە سەككىزىنچى، كۆزى كۆكۈش ئۆڭلۈك بولىدۇ

toquz otuzunʧ qoduzlar buqasınïŋ tɛg kirpigi ɛryr

يىگىرمە تۆققۇزىنچى، كىرپىكى قوتاز بوقىسىنىڭكىدەك بولىدۇ

otuzunʧ usnirin jaratmıʃ tøpysi basɪ ɛryr

ئوتتۇزىنچى، چوققىسى-بېشى ئۇسىنىر بىلەن ياسالغاندەك بولىدۇ

otuz artuqı bir jaɣru-qı-a tuɣmıʃ qazlar qanı ataja tɛg torluɣ ɛrŋɛki ɛryr

ئوتتۇز بىرىنچى، بارماقلىرى غازلار خانىنىڭ يېڭىلا تۇغۇلغان بالىسىنىڭكىدەك تورلۇق بولىدۇ

iki qırq iki qaʃ qawʃutınta orun atlaɣ jyryŋ tysi ɛryr

ئوتتۇز ئىككىنچى، قاش تۇرۇلىدىغان ئورۇن ئاتلىق يەردىكى (قوشۇمىسىدىكى) تۈكى ئاق بولىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىر شەخسىنىڭ پورترىت تەسۋىرى بولۇپ بۇي بەستىدىن تارتىپ ئاددىسى بەدىنىدىكى تۈكلەرگىچە تەپسىلى تەسۋىرلەپ چىقىلغان. پۈتۈن ئىككى بەتلىك سەھىپىنى مانا مۇشۇنداق بىر شەخسىنىڭ قىياپەت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق بىرىش بەلكى ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ ئاز كۆرۈلسە كېرەك.

يۇقىرىدا ئىستىلىستىك شەكىل ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا قوللىنىلغان جۈپ سۆزلەرنى قىسقا قىلىپ تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈق، بۇ مەزمۇنلار ئەسلىدىنلا باشقا بىر چوڭ تېمىغا چېتىلىدىغان بولغاچقا بىرە- ئىككىدىن مىسال تەرىقىدە سۆزلەپ ئۆتتۇم. مەقسەت پەقەت جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشىدە ئوينايدىغان رولىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

خاتىمە

(جۇپ سۆز ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم)

بىزنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ ئاخىرقى مەقستى بىلىش ياكى چۈشىنىۋىلىشلا ئەمەس بەلكى ئىشلىتىشتۇر. بىلىش ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ ۋە ئاخىرقى ھساپتا ئەمەلىيەتكە قايتىدۇ. بىلىم ئۆگىنىلىپ ئىشلىتىلمىسە يەنى ئەمەلىيەتكە قايتمىسا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. جۇپ سۆزلەر ھەققىدىكى بىلىشىمىزمۇ مانا مۇشۇنداق ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئەمەلىيەتكە قايتۇرىشىمىزنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ.

جۇپ سۆزلەر ماكان-زامان نوقتىسىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلىك قوللىنىلىش تارىخىغا، ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلىش بوشلۇقىغا ئىگە كاتىگورىيە. تىلىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا، ھەرقايسى دىئالىكت-شىۋىلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئالاھىدىلىكلەر بۇيىچە ساقلىنىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ، جۇپ سۆزلەرنىڭ ئېتمولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىكى رولى بارغانسىرى ئايدىڭلىشىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى «ئۆيۋاقا» دىگەن سۆز «مايتىرى سىمىت»تا «εw barq» دىگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا ئۆزگەرگەن شەكىلدە ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ كەينىدىكى «barq » دىگەن سۆز ئىستىمالدىن قېلىپ قالغان. لىكىن بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا ئىشلىتىلگەن سۆزدۇر. دىمەك، جۇپ سۆزلەر قەدىمقى سۆزلۈكلەرنى ساقلاپ قالىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋاستە، شۇڭا ۋ.باڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزىگە خاس جۇپ سۆزلەر تەتقىقاتقا كۆپ ياردەم بېرىدۇ، دەپ قارىغان.[①]

جۇپ سۆزلەرنىڭ بۇخىل قەدىمقى سۆزلەرنى ساقلاپ قېلىشتەك رولى يەنە تىلىمىزدا مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئازىيىشى ۋە يوقاپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تىلىمىزدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل ئىستىمالى جەريانىدا شەكىللەنگەن مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئاڭلاتقان ئومۇمى لىكسكىلىق مەنىسى ئوخشاپ كەتسىمۇ ئەمما ھىسسىي، تۈس مەنىلىرى جەھەتتىن زىل ۋە ئىنچكە پەرقلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىش نۇتۇق ۋە يازمىنى ناھايىتى ياخشى ئىسلىتىلىستىك ئۈنۈمگە ئىگە قىلىدۇ. ئەمما ئەمەلى ئىستمال جەريانىدا بۇنداق مەنىداش سۆزلەرنىڭ بىرقىسمى كۆپ ئىشلىتىلىپ، يەنە بىر قىسمى تەدرىجى ھالدا ئىستىمالدىن يىراقلىشىدۇ. بۇ تىل تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئىستىمالدىن يىراقلاشقان ئەشۇ سۆزلەر ئەمەلىيەتتە جۇپ سۆزلەر ئىچىدە دائىم

---

① ئىبراھىم مۇتئى: «ئىبراھىم مۇتئى ئىلمى ماقالىلىرى» [M] . مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل. 247-بەت

ئىشلىتىدىغان سۆزلەرگە ياندىشىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: «ئىززەت-ئىكرام» دىگەن جۈپ سۆزدىكى «ئىززەت» دىگەن سۆز كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز، ئەمما «ئىكرام» دىگەن ئايرىم ھالدا بەك كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان بولغاچقا ئىستىمالدىن يىراقلىشىۋاتقان سۆز قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇنداق ئىستىمالدىن يىراقلىشىۋاتقان سۆزلەر جۈپ سۆزلەرنىڭ تەركىبى قىسمىدا يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىۋېرىدۇ. زۇرۇر تېپىلغاندا ئۇلارنى ئايرىم ئىشلەتكەندە يەنىلا ئومۇمى خەلق ئۈچۈن چۈشىنىشلىك سۆز بولۇپ تىلنىڭ ئىپادە كۈچىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. تىلىمىزدا مەنداش سۆزلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى تىلىمىزنىڭ ئىپادە قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

جۈپ سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىدىكى رولىنى ئاشۇرغان. تەرجىمە يالغۇز مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلا ئەمەس، ئۇ مىللى تىلنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. قۇچۇ خانلىقى دەۋرىدە بۇددا دىنىغا ئائىت ۋە باشقا دۇنياۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشتۈرمىگەن بولسا قەدىمقى ئۇيغۇرتىلى يەرلىك، مەھەللىۋى تىل دائىرىسىدە چەكلىنىپ قېلىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى مۇزىيلاردا چاقناپ تۇرغان مەشھۇر ئەسەرلەر بارلىققا كېلەلمىگەن بولاتتى، ئوخشاشلا ئىسلامىيەت دەۋرىدە ئەرەپ-پارىس تىللىرى ئارقىلىق تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشكەن دۇنياۋى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈلۈشى بىلەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى يۈكسەك مەدەنىيەت روھى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تەرەققى قىلغان، پۈتكۈل تۈركىي مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلالايدىغان ئەدەبى تىلغا ئايلىنالىغاندى. مۇ يېقىنقى مەزگىلدىن ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇشۇ مەزگىلدىكى تەرجىمە خىزمەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تەرجىمە تىلغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسىدۇر.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە ئىشلىرىدا خەنزۇتىلىدىن تەرجىمە قىلىش ئاساسى ئورۇندا تۇرغان بولغاچقا، مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىستۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، خەنزۇتىلى تۈرلەنمەيدىغان تىل، خەت ئۇنىڭدىكى ئاساسى بىرلىك ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇرتىلى تۈرلىنىشچان تىل ئۇنىڭدا خەت ئەمەس سۆز ئاساسى بىرلىك سۈپىتىدە جۈملە تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. خەنزۇتىلىنىڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىقى شۇكى، خەتلەرنى بىرىكتۈرۈپ يېڭى سۆزلەرنى ياساپ چىقىش ئىنتايىن قولايلىق، ئەمما ئۇيغۇرتىلىدا ئاساسى بىرلىك سۆز بولغاچقا ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈپ يېڭى بىر سۆز ياسىغاندا سۆز بىرىكمىسى بولۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئۇيغۇرتىلىدا ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ سۆز ياساش مۇمكىن ئەمەس دىگەنلىك ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىككەن سۆز ۋە جۈپ سۆزلەر دەل سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەن ياسالغاندۇر. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىككەن سۆزلەر كونكرىت، خاس مەنىلىك ئىسىملارنى ياساشقا ماس كېلىدۇ. يەنى «眼镜»نى «كۆزئەينەك»، «تىك ئۇچار»نى «直升机» دەپ ئالغانغا ئوخشاش، جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنە

جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا ئومۇمى ۋە ئابستراكىت مەنىلىك سۆزلەرنى ياساشقا بەك ماس كېلىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدا پەننى بىلىملەرنى «科学»، تېخنىكا ماھارەتلىرىنى «技术» دەپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلەشمىسىنى «科技» دەپلا قىسقارتىپ ئېلىنىدۇ. جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنە جەملەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا بۇنداق ئابستراكىت ۋە ئومۇمى مەنىلىك ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلىشقا بەك باپ كېلىدۇ. يەنى «پەن- تېخنىكا» دىگەن جۈپ سۆز ئارقىلىق ھەم پەننى بىلىملەرنى ھەم تېخنىكا ماھارەتلىرى ئۇقۇمىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئىلمى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ۋە دائىرىسىگە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولغاچقا جۈپ سۆزلەر ئارقىلىق بۇنداق پەرقلەرنى ئىپادە قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۈپ سۆزلەر ئارقىلىق تەرجىمە تىلىنىڭ ئىخچاملىقى ۋە دەللىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇمچىدە «每日每夜» دەپ ئاتىلىدىغان تاللا بازىرى بار بولۇپ، بۇ ئىسىم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كېچە- كۈندۈز مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنغان. ئەمما ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «ھەر كۈن ھەر كېچە » دەپ ئېلىنغان، بۇگەرچە مەنىسىنى جايىدا ئىپادە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ ئەمما قۇرۇلمىسى كېلەڭسىز بولۇپ قالغان، بۇنى جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنانى جەملەش، ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ «كۈنۈ-تۈن» دەپلا ئېلىنسا تىلنىڭ ئىخچام، مەنىسىنىڭ جايىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى.

شۇڭا بۇھەقتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، جۈپ سۆزلەرگە بولغان بىلىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۈپ سۆزلەرنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادە كۈچىنى بايقاش، قېزىش نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆۋەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىدا جۈپ سۆزلەردىن پايدىلىنىش نىسبەتەن ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا، جۈپ سۆزلەرنى قوللىنىش ئىمكانىيىتى ۋە زۆررىيىتى بار شارائىتتىمۇ جۈپ سۆزلەرنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلانماسلىق، جۈپ سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە بىردەك بولماسلىق ئەھۋالى ساقلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن: «قازان-قۇمۇچ ». «قازان-چۈمۈچ» دىگەندەك پەرقلىق شەكىللەردە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن جۈپ سۆزلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر بىلىش ئاساسىدا ئىلمى ئۆلچەمنى بېكىتىپ چىقىش كېرەك، يەنى، «جۈپ سۆزلەردە قانداق سۆزلەر ئالدىغا، قانداق سۆزلەر كەينىگە كېلىدۇ»، «جۈپ سۆزلەردە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى قانداق بولىدۇ» دىگەنگە ئوخشىغان بىر قاتار مەسىلىلەرگە ئىلمى جاۋاپ بېرىپ جۈپ سۆزلەرنىڭ ئۆلچەمى تۇرغۇزۇپ چىقىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەرجىمە ۋە يېزىقچىلىقتا بەزى ئاتالمىلارنى يەككە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمىغان شارائىتتا مۇشۇ ئۆلچەم بۇيىچە جۈپ سۆز ياسىلىپ ئىپادە قىلىنسا ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىدىكى ئاتالغۇ كەمچىللىكى ۋە ئاتالغۇ مۇجمەللىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەلگىلىك ياردىمى بولغان بولاتتى. يەنە بىرى ھازىر تىلىمىزدا خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ جۈپ سۆزلەر يېزىق تىلى ۋە خەلق ئېغىز تىلىدا ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. بۇلارنى توپلاپ، رەتلەپ لۇغەت شەكلىدىكى قۇرال كىتاب تۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى تىلىمىزدىكى جۈپ سۆزلەر ئىچىدە مەنىداش سۆزلەردىن تەركىپ تاپقانلىرىمۇ، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزدىن

تەركىپ تاپقانلىرىمۇ بار، باش-ئاياغ قاپىيىلىك خۇسۇسىيەتلىكلىرى دىگەندەك خىلمۇخىل مەنە ۋە تاۋۇش تۈزۈلۈشىگە ئىگە. بۇنداق سۆزلەر رەتلىنىپ چىقىلسا مەلۇم نىسبەتتە «مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى»، «قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى»، «قاپىيە لۇغىتى» دىگەندەك لۇغەتلەرنىڭ رولىنى ئويناپ بىر قىسىم ئېھتىياجنى قامدىيالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۈپ سۆزلەردە يۇقىرىدا دىيىلگەندەك ئىستىمالدا كۆپ ئىشلىتىمەيدىغان سۆزلەرمۇ ساقلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا خۇددى خەزىنۇلارنىڭ

«成语词典» دىگەندەك يۇرۇشلۇك لۇغەتلىرىگە ئوخشاش ئاساسى مائارىپ باسقۇچىدىكى ئوتتۇر- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ياردەمچى رول ئويناپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز بايلىقى ۋە تىل ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردە ئىجابى رول ئوينىيالايتتى.

قىسقىسى، جۈپ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىدا ئەھمىيەت بىرىشكە تىگىشلىك، ئەمما تىگىشلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيۋاتقان ساھە. تىل تەتقىقاتىدا جۈپ سۆزلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىش مەسئۇلىيەتسىزلىك، تىل ئىستىمالدا جۈپ سۆزلەرگە سەل قاراش بىرخىل ئىسراپچىلىقتۇر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

مەخسۇس ئەسەرلەر:

ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر:

1. ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى: «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايىترى سىمىت» (1)، [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل
2. يارمۇھەممەت تاھىر توغلۇق، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «مەدەنىيەت كارۋانلىرى» [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى
3. ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمى ماقالىلىرى» [M] . مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل
4. «تۈركى تىللار دىۋانى» (يېڭى نەشرى 1-توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل
5. ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار : «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى»[M] ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 2001-يىل
6. قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى»(2-قىسىم). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل
7. ئابدۇرەئوپ پولات : «ئۇيغۇرتىلى لېكسىكولوگىيىسى»، [M] قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994-يىل 12-بەت
8. لىن يۈتاڭ: « جۇڭگولۇقلار ». (ئۇيغۇرچە نەشرى)[M] . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل
9. تالات تەكىن : «ئۇرخۇن ئابىدىلىرى»، [M]مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل
10. ئابلىمىت ئەھەت، دىلدارمەمتىمىن: «قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، [M]شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 1989-يىل
11. ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»،[M] شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2002-يىل
12. يولۋاس راشىدىن، غەنى ئابدۇگۇل: «ئىستىلىستىكا ساۋادى»،[M] شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتى(ئىچكى ماتېريال) 2002-يىل 5-ئاي
13. مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، [M]شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل
14. تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»،[M] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل
15. ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، [M]شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984-يىل
16. ۋ. م. ناسىلوف: «ئۇرخۇن-يىنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى»[M] (ئۇيغۇرسايرانى، سابىت روزى تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل

17. خوجىنخوا، خوارونخوا لار رەتلىگەن«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل

خەنزۇچە ۋە چەت-ئەل تىلىدىكى ئەسەرلەر:

18. 耿世民：回鹘文哈密本《弥勒会见记》研究[M]，北京：中央民族大学出版社，2008
19. 季羡林：《季羡林文集》（11），《吐火罗文“弥勒会见记”译释》 [M]·江西教育出版社·1996 年
20. 梅维恒(美): 绘画与表演--中国的看图讲故事和它的印度起源. [M] 北京燕山出版社，2000 年
21. 《中国大百科全书·戏剧卷》，中国大百科全书出版社，1989 年
22. 《新疆考古三十年》【M】， 新疆人民出版社，1983 年
23. (前苏联)兹维金采夫：普通语言学纲要[M]· 王超尘等译，北京：商务印书馆.1981
24. 张铁山：回鹘文献语言的结构与特点，[M]，中央民族大学出版社·2005 年
25. 冯·加班：《古代突厥语语法》[M]. 内蒙古教育出版社 2004
26. 耿世民：《维吾尔古代文献研究》[M]. 中央民族大学出版社 2003
27. 耿世民：古代突厥文碑铭研究，[M] 中央民族大学出版社 2005 年
28. 菲达·乌马尔别克：维吾尔与历史演变，[M]新疆大学出版社 2005 年
29. 买提热依木·沙依提：突厥语言学导论[M]，民族出版社[M]，2004 年
30. 牛汝极：回鹘佛教文献，[M]新疆大学出版社 2005 年
31. 李经纬等：高昌回鹘文献语言研究，[M]新疆大学出版社 2003 年
32. 张铁山：突厥语族文献学，[M]中央民族大学出版社，2005 年
33. 邓浩，杨富学：西域敦煌回鹘文献语言研究，[M]甘肃文化出版社，2002 年
34. 耿世民：古代维吾尔文献教程，[M]民族出版社，2006 年
35. Prof. Dr. M. Kaya BİLGEGİL: EDEBİYAT BİLGİ VE TEORİLERI (Belåget), ENDERUN KİTABEVİ-İSTANBUL, 1989
36. REşịD REHMETİ ARAT：ESKİ TÜRK ŞİİRİ，TÜRK TARİH KURUMU BASIMEVİ—ANKARA，1991

II ئىلمىي ماقالىلەر:

ئۇيغۇرچە ماقالىلەر

37. ق. ماھمۇدوۋ، ق. سادىقوۋ: قەدىمقى تۈرك پۈتۈكى-«مايتىرى سىمىت»،[J] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 2-سانى
38. ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى: قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى چوڭ ھەجىملىك

سەھنە ئەسرى «مايترى سىمىت»،[J] «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984-يىللىق 4-5-سانى.
39. نىجات سوپى: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا، [J]خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى 2009-يىللىق1-سان.
40. ئايشەم ئەخمەتهاجى قاملى: «مايترى سىمىت» ھەققىدە مۇلاھىزە»، [J] «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 5-سانى.

41． 季羡林：《弥勒信仰在新疆的传布》[j] 《文史哲》，2001 年 第一期
42. 季羡林 《谈新疆博物馆藏吐火罗 A 弥勒会见记剧本》[j] 《文物》1983 年 1 月
43. .季羡林：吐火罗文和回鹘文本《弥勒会见记》性质浅议 [J] 北京大学学报，1992 年 2 期
44． 黎蔷：《印度楚剧与中国戏曲关系之研究》[j] • 上海戏剧学院学报《戏剧艺术》，1996 年 3 期
45．． 郎樱：《西域佛教戏剧对中国古代戏剧发展的贡献》[J] •《民族文学研究》，2002 年 第 4 期，
46. 李经纬：哈密本回鹘文《弥勒三弥底经》首品残卷研究[J]，民族语文 1985 年第 4 期
47 刘元丰：回鹘文《弥勒会见记》的语音研[J]究，喀什师范学院学报，2008 年第一期
48. 杨富学：百年来回鹘文文学研究回顾[J]，西域研究，2000 年第 4 期
49. 牛汝极：敦煌吐鲁番回鹘佛教文献与回鹘大藏经[J]，西域研究 2002 年第二期
50. 黎蔷：《中国最早佛教戏曲<弥勒回见记>考论》[J]中华戏曲 1999 年 00 期
51. 热孜娅 • 努日：《弥勒会见记》属于 n 方言吗[J]，呼伦贝尔学院学报，2006-年 4 月
52. 杨富学：西域、敦煌文献所见回鹘之佛经翻译[J]，敦煌研究，1995 年第 4 期
53. 张铁山：我国收藏刊布的回鹘文文献及其研究[J]，新疆社会科学，1989 年第 4 期
54. 沈尧：《弥勒会见记》形态辨析[J]，戏剧艺术，1990 年第 2 期

在读期间发表论文

艾力·阿布拉：《20 世纪文艺工具论辨析》，《才智》2011 年第一期

ئاخىرقى سۆز

ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش مەزگىلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە، مەن ۋاقىتنىڭ قەدىمىنىڭ ناھايىتى تېز ئىكەنلىكىنى بارغانسىرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. مانا ھەش-پەش دىگۈچە ئەسلىدە ناھايىتى ئۇزۇندەك تۇيۇلغان مۇساپىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە كېلىپ قاپتىمەن. بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئىلگىرى پەقەت ئەسەرلىرى ئارقىلىقلا تونۇيدىغان، نامىنى ئاڭلىغان ئۇستاز زىيالىلىرىمىز بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ دەرس- سۆھبەتلىرى، تەربىيە-ئۈگۈتلىرىدىن يېتەرلىك مەنپەئەت ۋە ئوزۇق ئالدىم. شۇڭا مەن ئۈچۈن بۇ ئۈچ يىل ناھايىتى قىممەتلىك، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك ۋاقىتلار ھېساپلىنىدۇ.

مەن بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاشلا مېھرىبان ئانام ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمنىڭ قوللىشى، كۆيۈنۈشى ۋە مەدەت بىرىشلىرىگە ئېرىشىپ كەلدىم، مانا مۇشۇنداق ئانىلىق مېھىر ۋە قېرىنداشلىق كۆيۈم بولمىغىنىدا مېنىڭ بۈگۈنۈم بولمىغان بولاتتى. شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلارغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى مۇشۇ ئاددى كۆڭۈل سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى لايىق تاپتىم.

مەن ئاسپىرانتلىق ئوقۇشنى ئۇستازىم ئابدۇبەسىر شۈكۈرى مۇئەللىمنىڭ ھەرتەرەپلىمە كۆيۈنىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن تاماملىدىم. مۇئەللىم ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە مەمۇرى خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي، تېمىنى بېكىتىشكە ياردەملەشتى ۋە ئۆزلۈكسىز تۈردە كىتاب-ماتىرىياللار بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. بۇ جەرياندا مۇئەللىمنىڭ كەسپى ساھەدىكى ئەتراپلىق بىلىشى، ئىلمي ئىشلارغا تۇتقان ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى ۋە كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى قىزغىنلىقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى يىلىدا مېنىڭ ئەسلى خىزمەت ئورنۇمدىكى رەھبەرلىكنىڭ قوشۇلماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش توسالغۇغا ئۇچرىغاندا ئازاد سۇلتان مۇئەللىم شەخسەن ئۆزى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تەشكىلى يول بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەگەر ئازاد مۇئەللىمنىڭ كۈچ چىقىرىشى بولمىغان بولسا مېنىڭ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالىشىم تەسكە توختىغان بولاتتى. ئازاد مۇئەللىمنىڭ دەرسكە، ئوقۇغۇچىلارغا، كەسپكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ۋە ئومۇمىيەتچىل روھى بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۈلگە. مەن مۇشۇ رەھمەت سۆزى ئارقىلىق ئۆز ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن ۋە سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمەن.

مەن بۇ ئوقۇش ھاياتىدا يەنە ئىقبال مۇئەللىم، ئابدۇقادىر مۇئەللىم، ئەنۋەر مۇئەللىم، مامبەت مۇئەللىم. مۇقەددەس مۇئەللىم، مەريەم مۇئەللىم قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ جەرياندا مېنىڭ ئېرىشكىنىم يالغۇز كەسپى ساھەدىكى بىلىم بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، مەن ئۇلار ئارقىلىق تىنىماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندىم. مەن يەنە رىشات مۇئەللىم،

ئەلى مۇئەللىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىۋاستە دەرسىنى ئاڭلىمىغان بولساممۇ، ئەمما ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدىم. مەن بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن يەنە بۇ جەرياندا يەنە خېلى كۆپ ساۋاقداش، ياتاقداشلىرىم بىلەن تونۇشۇپ دوست بولدۇم. ئۆز-ئارا سۆھبەت ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشلار ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزنى بېيىتتۇق. مەن بۇ دوستلىرىمغىمۇ سەممىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئەپسۇسلىنىدىغىنىم شۇكى، مەن بۇ ئوقۇش ھاياتىمدىكى بۇ قىممەتلىك ۋاقىتلارنى بەزىدە بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلمەپتىمەن. شۇڭا بۇ سۆزۈم ئارقىلىق ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنىڭ مەن ئۈچۈن پەقەتلا بىر باشلىنىش بولىدىغانلىقىغا، مۇشۇ ساھەنىڭ ئادىمى بولۇپ چىقىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىششقا ۋەدە بېرىمەن. ئۇستاز ۋە دوستلىرىمنىڭ تەربىيە- تەنبىھلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن.